# ھەدىس ئىلمى قوللانمىسى

ئاپتورى : مۇھەممەد سالىھ ئەلئۇسەيمىن
ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى : لۇتپى

## مۇقەددىمە

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن.

بارلىق مىننەتدارلىقلار ئاللاھقا خاس .ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم سورايمىز، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورايمىز، ئۇنىڭغا تەۋبە قىلىمىز، ئۇنىڭغا يىلىنىپ نەپسىلىرىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن ۋە يامان ئەمەللىرىمىزدىن پاناھلىق تىلەيمىز، ئاللاھ يېتەكلىگەن كىشىنى ئازدۇرغۇچى يوق، ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىنى توغرىغا باشلىغۇچى يوق. ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، ئۇ يىگانە ، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، دەپ جاكارلايمەن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ جاكارلايمەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە ــ جەمەتىگە، ساھابىلىرىگە ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا سەممىي ئەگەشكەنلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە كۆپتىن ــ كۆپ سالامى بولسۇن!

ئاللاھ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى، دىننى پۈتۈنلەي ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن توغرايىتەكچىلىك ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى شۇنداقلا ئۇزاتقا قۇرئاندىن ئىبارەت كىتابنى ۋە ئۇنى كىشىلەرگە بايان قىلىپ بېرىشى ئۈچۈن ھەدىستىن ئىبارەت ھېكمەتنى چۈشۈردى. كىشىلەر ئۇنى تەپەككۇر قىلىدىكەن چوقۇم توغرا يول تېپىپ بەختكە ئېرىشىدۇ.

دېمەك قۇرئان ۋە ھەدىس بولسا ئىككى ئاساس بولۇپ بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۆزبەندىلىرى ئۈستىدە ھۆججەت تۇرغۇزغاندۇر. ئەنە شۇ ئىككىسى ئۈستىگە بۇيرۇق ۋە چەكلىمە بويىچە ئېتىقاد ۋە ئەمەلىيەت ھۆكۈملىرى قۇرۇلىدۇ.

قۇرئاندىن ھۆججەت ئوتتۇرغا قويغۇچى تىكىستنىڭ ھۆكۈمىنى كۆرستىشكە قاراشتىن ئىبارەت پەقەت بىر نۇقتىدا ئىزدىنىشكە ئېھتىياجى چۈشىدۇ ۋە ئۇ(تىكىستنىڭ) تارىخى ھۆججىتىنى كۆزىتىشكە ئېھتىياجى چۈشمەيدۇ. چۈنكى ئۇ(قۇرئان) ئىبارىسى ۋە مەنىسى بويىچە مۇتەۋاتىر(مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت)شەكلىدە كەسكىن ئىسپاتلار بىلەن يەتكۈزۈلگەندۇر.

ھەدىستىن ھۆججەت ئوتتۇرغا قويغۇچى ئىككى نۇقتىدا ئىزدىنىشكە ئېھتىياجى چۈشىدۇ:

بىرىنچى : پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن قىلىنغان نەقىل ئىسپاتىغا قاراش . چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىنغان (سۆزنىڭ)ھەممىسى سەھى (ساغلام) بولمايدۇ.

ئىككىنچى : تىكىستنىڭ ھۆكۈمىنى كۆرستىپ بېرىشكە قاراش.

دېمەك بىرىنچى نۇقتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزگە نىسبەتلەنگەن نۇتۇق، سۆز ۋە ھەركەتلەردىكى قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان ۋە رەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغانلىرىنى ئايرىدىغان قائىدىلەرنى ئوتتۇرغا قويۇشقا ئېھتىياج چۈشكەن بولۇپ بۇنى ئاللاھنىڭ رەھمەتلىرى ياغسۇنكى ئالىملار رۇياپقا ئەچىقىپ، "مۇستەلەھ ئەلھەدىس"( ھەدىس ئىلمى قوللانمىلىرى) دەپ نام بەرگەن ئىدى.

ئۇنىۋېرستىتنىڭ ئىككىنچى سىنىپ، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى يىللىقىغا قارارقىلىنغان دەرس پىروگىراممىسىگە ئاساسەن، بۇ پەننىڭ مۇھىم تەرەپلىرىنى بىرتۇتاش ئۆزئىچىگە ئالغان ئوتتۇرھال بىر كىتابنى تۈزۈپ ئۇنىڭ نامىنى "ھەدىس ئىلمى قوللانمىلىرى" دەپ ئاتىدۇق.

بۇ كىتاپ ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپىدۇ:

بىرىنچى قىسىم بىرىنچى يىللىققا قارار قىلىنغان ماۋزۇلارنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچى قىسىم ئىككىنچى يىللىققا قارار قىلىنغان ماۋزۇلارنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ.

ئاللاھتىن ئىلمىمىزنى ئۆزى ئۈچۈن خالىس قىلىشنى ۋە رازىلىقىغا ماس قىلىشنى شۇنداقلا بەندىلىرىگە پايدىلىق قىلىشنى تىلەيمەن . ئاللاھ ناھايىتى مەرت ۋە سېخىدۇر.

ئاپتۇر (مۇھەممەد سالىھ ئەلئۇسەيمىن).

## "ھەدىس ئىلمى ئاتالغۇلىرى"كىتابىدىن بىرىنچى قىسىم

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن.

ھەدىس ئىلمى ئاتالغۇلىرى :

تونۇشتۇرۇش ۋە پايدىسى.

1ـ"ھەدىس ئىلمى ئاتالغۇلىرى" دىگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامىدىن سۆزلەنگەن ھەرقانداق بىرھەدىسنىڭ يەتكۈزگۈچىلىرىنى ۋە يەتكۈزگەن ھەدىسىنىڭ تېكىستىنى قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىش نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتىدىغان ۋە بۇلارنىڭ دەرىجىسىنى بەلگىلەيدىغان ئىلىمدۇر.

2ـ بۇ ئىلىمنىڭ پايدىسى شۇكى ئىسلام ئەمىر-پەرمانلىرىنىڭ مەنبەسىدىن بىرى بولغان ھەدىستىن ئىبارەت پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ئىلھام شەكلىدە كەلگەن ۋەھى نىڭ بىزگە ساغلام يېتىپ كېلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن ھەدىس يەتكۈزگۈچىلەرۋە يەتكۈزۈلگەن ھەدىسلەرنىڭ قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىرىنى ئىگەللەشتۇر.

ھەدىس، خەبەر، ئەسەرۋە ھەدىس قۇددۇسى دىگەن ئاتالغۇلارۋە بۇلارنى تونۇشتۇرۇش.

1ـھەدىس: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزى دەپ يەتكۈزۈلگەن نۇتۇقلار ياكى پائالىيەتلىرىنىڭ تەسۋىرى ياكى بولىغا قويغان ئىشلىرىنىڭ تونۇشتۇرلىشى ۋە ياكى قەددى-قامەت، مىجەز-خۇلۇقلىرىنىڭ تەسۋىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

2ـخەبەر: ھەدىس مەنىسىدە كەلگەندە ئۇنىڭ تونۇشتۇرلىشى ھەدىس بىلەن ئوخشاش. شۇنداقلا خەبەر پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە باشقا كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئۆزئىچىگەئالىدۇ دەپمۇ تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ بۇنداق بولغانداخەبەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ھەدىستىن كەڭ ۋە ئومۇمىراق بولىدۇ.

3ـئەسەر:ساھابىلار ياكى تابىئىنلارنىڭ سۆزلىرى دەپ نەقىل قىلىنغان نۇتۇقلاردۇر. بەزىدە ھەدىس مەنىسىدىمۇ قوللىنىلىدىغان بولۇپ بۇنداق كەلگەندە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ نامىغا باغلىنىپ «پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن ئەسەردە» دىگەن ئىبارە بويىچە ئىشلىتىلىدۇ.

4ـھەدىس قۇددۇسى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ ئاللاھ نامىدا سۆزلىگەن نۇتۇقلىرى بولۇپ ھەدىس راببانى ۋە ھەدىس ئىلاھى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ ئاللاھ تەرەپتىن يەتكۈزگەن مۇنۇسۆزى بۇنىڭ مىسالىدۇر: [ئۇلۇغ ئاللاھ مۇنداق دىدى " مەن بەندەمنىڭ ماڭا بولغان تونۇشى بويىچە بولىمەن،بەندەم مېنى ياد ئەتكەن چاغدامەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇمېنى ئۆزئىچىدە ياد ئەتسە مەنمۇ ئۇنى ئىچىمدە ياد ئېتىمەن، ئۇمېنى سورۇندا ياد ئەتسە مەنمۇئۇنى ئۇنىڭدىن ياخشى سورۇندا ياد ئېتىمەن].

ھەدىس قۇددۇسىنىڭ دەرىجىسى قۇرئان بىلەن پەيغەمبىرىمىزئەلەيھىسسالامنىڭ نۇتۇقلىرى بولغان (ھەدىس)نىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۇلۇغ قۇرئان مەنا ۋە ئىبارە جەھەتتىن بىۋاستە ئاللاھقا مەنسۇپتۇر. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ نۇتۇقلىرى بولغان (ھەدىس) مەنا ۋە ئىبارە جەھەتتە پەيغەمبىرىمىزگە مەنسۇپتۇر. ھەدىس قۇددۇس بولسا ئىبارە جەھەتتە ئەمەس پەقەت مەنا جەھەتتە ئاللاھ غا مەنسۇپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەدىس قۇددۇسىنىڭ ئىبارىسىنى قۇرئاندەك تىلاۋەت قىلىنىپ ئىبادەت قىلىنمايدۇ ۋە نامازدا ئوقۇلمايدۇ، شۇنداقلا قۇرئاندەك ئۇنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرۈپ بېقىشقا دوئىل ئىلان قىلىنمىدى ۋە قۇرئاننىڭ نەقىل قىلىنىپ يەتكۈزۈلگىنىدەك مۇتەۋاتىر دەرىجىسىدە كەلمىدى، بەلكى ھەدىس قۇددۇسنىڭ سەھى(ساغلام) دەرىجىدە بولغانلىرى، زەئىپ(ئاجىز)دەرىجىدە بولغانلىرى ۋە ماۋزۇئۇن(توقۇلما)بولغانلىرىمۇ بار.

ھەدىسنىڭ بىزگىچە يېتىپ كېلىش يوللىرى ئېتىبارى بويىچە بولۇنگەن تۈرلىرى:

ھەدىس مەزكۇرئېتىبارىبويىچە "مۇتەۋاتىر" ۋە "ئاھاد" دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

بىرىنچى مۇتەۋاتىر:

مۇتەۋاتىرنى تونۇشتۇرۇش ، مىساللار بىلەن تۈرلىرى ۋە ئۇنىڭ پايدىسى:

1ـمۇتەۋاتىر دىگەن ئادەتتە يالغانغا گىرىپتاربولۇشى مۇمكىن بولمىغان بىرتوپ كىشىلەر يەتكۈزگەن ۋە ئۇلارئۇنى ئەمىلى بىرھۆججەتكە تايىنىپ نەقىل قىلغان ھەدىستۇر.

2ـ مۇتەۋاتىر، ئىبارە ۋە مەنا جەھەتتىكى مۇتەۋاتىرۋە پەقەت مەنا جەھەتتىكى مۇتەۋاتىردەپ ئىككى قىسىم بولىدۇ.

ئىبارە ۋە مەنا جەھەتتىكى مۇتەۋاتىر بولسا بارلىق يەتكۈزگۈچىلەرئىبارە ۋە مەنادا تامامەن ئوخشاش يەتكۈزگەن ھەدىستۇر. بۇنىڭ مىسالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «كىمكى مىنىڭ نامىمدا قەستەن يالغان سۆزلەيدىكەن ئۆزئورنىنى دوزاختىن تەييارلاپ قويسۇن»دىگەن سۆزىدۇر. بۇھەدىسنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن ئاتمىشتىن كۆپراق ساھابە رىۋايەت قىلغان بولۇپ ئۇلارنىڭ ئىچىدە جەننەت بىلەن بىشارەت بېرىلگەن ئون كىشىمۇ بار، ئاندىن بۇ ھەدىسنى مەزكۇرساھابىلەردىن ناھايىتى كۆپ كىشى نەقىل قىلغاندۇر.

پەقەت مەنا جەھەتتىكى مۇتەۋاتىربولسا مەنىسى ئۇمۇمەن ئوخشايدىغان ۋە ھەربىررىۋايەتچى ئۆزىگەخاس ئىبارە بىلەن يەتكۈگەن ھەدىستۇر.

بۇنىڭ مىسالى، شاپائەت توغرىسىدىكى ۋە ئىككى ئاياقنا مەسىھ قىلىش توغرىسىدىكى ھەدىسلەردۇر.

3-ھەرئىككى قىسىم مۇتەۋاتىرنىڭ پايدىسى:

بىرىنچى ئىلىم ، يەنى نەقىل قىلىنغان كىشى (رەسۇلۇللاھ)غا ساغلام مەنسۇپ ئىكەنلىكىدىكى كەسكىنلىك.

ئىككىنچى ئەمەل :يەنى ھەدىس كۆرسەتمىسى خەۋەر بولسا تەستىقلاش،بۇيرۇق بولسا ئىجراقىلىش.

ئىككىنچى ئاھاد.

ئاھادنى تونۇشتۇرۇش،ئۇنىڭ يېتىپ كىلىش يوللىرىغا ئاساسەن بۆلۈنىشى ۋە مىساللىرى،دەرىجىسىگە ئاساسەن بۆلۈنىشى ۋە ئۇنىڭ مىساللىرى، شۇنداقلا پادىسى .

1-ئاھاد بولسا مۇتەۋاتىردىن باشقا بارلىق ھەدىس تۈرلىرىنى ئۆزئىچىگەئالىدۇ.

2- ئاھاد بىزگەيېتىپ كىلىش يوللىرىغا ئاساسەن ئۈچ قىسىم بولۇپ ئۇلار:

مەشھۇر،ئەزىز ۋە غەرىيب قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئا . مەشھۇر بولسا ئۈچتىن كۆپ كىشى رىۋايەت قىلغان ۋە مۇتەۋاتىردەرىجىسىگە يەتمىگەن ھەدىستۇر. بۇنىڭ مىسالى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «مۇسۇلمان دىگەن ئۇنىڭ تىلى ۋە قولىدىن مۇسۇلمانلارئامان بولغان كىشىدۇر» دىيگەن سۆزىدۇر.

ب . ئەزىز بولسا پەقەت ئىككىلا كىشى رىۋايەت قىلغان ھەدىستۇر. بۇنىڭ مىسالى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ « سىلەرنىڭ ھەرقانداق بىرىڭلار،مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بالىسىدىن، ئاتا-ئانىسىدىن ۋە پۈتۈن ئىنسانلاردىن سۆيۈملۈكراق بولمىغىچە مۆمىن بولالمايدۇ» دىيگەن سۆزىدۇر.

ت . غەرىيب بولسا پەقەت بىركىشى رىۋايەت قىلغان ھەدىستۇر. بۇنىڭ مىسالى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئەمەللەر پەقەتلانىيەتلەرگەباغلىقتۇر ۋە ھەرقانداق ئىنساننىڭ نىيەت قىلغان نەرسىسى بولىدۇ»دىيگەن سۆزىدۇر.

بۇھەدىسنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامدىن پەقەت خەتتاب ئوغلى ئۇمەررەزىيەللاھۇئەنھۇ لا رىۋايەت قىلغان، ئۇمەردىن پەقەت ۋاققاس ئوغلى ئەلقەمە لا رىۋايەت قىلغان ،ئەلقەمەدىن پەقەتلا ئىبراھىم ئەتتەيمى ئوغلى مۇھەممەد رىۋايەت قىلغان، مۇھەممەد تىن پەقەت سەئىد ئەلئەنسارى ئوغلى يەھيا رۋايەت قىلغان بولۇپ بۇلارنىڭ ئۇمەرئىبنى خەتتاپتىن باشقاھەممىسى تابىئىنلاردۇر. كيىن يەھيا دىن نۇرغۇن كىشىلەر نەقىل قىلغان بولۇپ،( مۇشۇسەۋەپتىن ئىمام نەۋەۋى بۇھەدىسكە غەرىيب ۋە مەشھۇر دەپ دەرىجە بەرگەن. چۈنكى رىۋايەت يولىنىڭ باش تەرىپى غەرىيب ئۆلچىمدە يەھيادىن كيىنكى تەرىپى مەشھۇرئۆلچىمدە بولغان ئىدى.)

3-ئاھاد دەرىجە جەھەتتىن بەش قىسىمغا بۆلىنىدۇ. ئۇلار:

ئۆزى مۇستەقىل سەھىھ(ساغلام)، باشقىسىغا قوشۇلۇپ سەھىھ، ئۆزى مۇستەقىل ھەسەن( ياخشى)، باشقىسىغا قوشۇلۇپ ھەسەن ۋە زەئىپ (ئاجىز) قاتارلىقلاردۇر.

ئا . "ئۆزى مۇستەقىل سەھىھ" دىگەندە مۇكەممەل ئىگىلىۋېلىش كۈچىگە ئىگە ئادىل بىر رىۋايەتچى ئۈزۈلمىگەن بىرتارىخى ھۆججەت بىلەن يۇچەكلىكتىن ۋە تەسىركۆرسىتىدىغان ئىللەتتىن خالى ھالدا رىۋايەت قىلغان ھەدىس كۆزدە تۇتىلىدۇ. بۇنىڭ مىسالى : بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ«كىمگە ئاللاھ ياخشىلىقنى كۆزلىسە ئۇنى دىنىدا چۈشەنچىلىك قىلىدۇ» دىيگەن سۆزىدۇر.

ھەدىسنىڭ سەھىلىگىنى بىلىش تۆۋەندىكى ئۈچ ئىش ئارقىلىق بولىدۇ.

بىرىنچى : ساغلام ھەدىس ئىنقلاشتا سۆزى ئىتىبارلىق ئاپتور بولۇپ ئۇنىڭ ساغلامىنى تاللاش بىرىنسىپىدا تۇرۇپ تۈزگەن كىتابىدا كەلگەن ھەدىس بولسا مەسىلەن ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىمغا ئوخشاش.

ئىككىنچى: ساغلامىنى تاللاش خىزمىتىدە سۆزى ئىتىبارلىق ۋە بۇئىشتا يەڭگىللىك قىلغانلىقى كۆرۈلمىگەن بىرئىمام ئۇ ھەدىسنىڭ ساغلاملىقىغا تىكىست قالدۇرغان بولسا.

ئۈچۈنجى : ھەدىسنىڭ رىۋايىتى ۋە ئىنقلاپ چىقىش ئۇسۇلىغا قاراپ ساغلاملىق شەرتلىرى تولۇق بولسا ساغلام دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

ب." باشقىسىغا قوشۇلۇپ سەھىھ" دېگىنىمىز بولسا، كىلىش يوللىرى كوپ بولغان چاغدىكى ئۆزى مۇستەقىل ھەسەن ھەدىستىن ئىبارەتتۇر. بۇنىڭ مىسالى : ئەمرىبنى ئاس نىڭ ئوغلى ئابدىللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما نىڭ ھەدىسى بولۇپ ئۇنىڭدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قوشۇن تەييارلاشقا بۇيرۇق بەرگەن لېكىن تۆگە يىتىشمەي رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن« سەدىقە(يەنى دۆلەت خەزىنىسىگە تەۋە)تۆگىلەرنىڭ بوتىلاقلىرىنى بىرىپ، ئورنىغا بىزگە (جەڭگە يارىغىدەك)تۆگە سېتىۋېلىپ كەلگىن». شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھ بىر تۆگىنى ئىككى ياكى ئۈچ بوتىلاق بىرىپ ئالغان ئىدى.بۇھەدىسنى ئىمام ئەھمەد مۇھەممەد بىننى ئىسھاقنىڭ يەتكۈزۈش يولى بويىچە رىۋايەت قىلغان بولسا ئىمام بەيھەقى ئەمر بىننى شۇئەيب نىڭ يەتكۈزۈش يولى بويىچە نەقىل قىلغان. بۇئىككى يەتكۈزۈش يولىنىڭ ھەربىرى ئۆزئالدىغا ھەسەن دەرىجىسىدە بولۇپ ئىككىسىنىڭ يىغىندىسىدا،ھەدىس باشقىسىغا قوشۇلۇپ سەھىھ بولۇش دەرىجىسىگە يەتتى.

"باشقىسىغا قوشۇلۇپ سەھى" دەپ ئاتىلىشى پەقەت ھەربىرىيەتكۈزۈش يولىغا ئايرىم قارىغاندا ھەدىس ھەسەن دەرىجىدە ئەمما بۇلارنى بىرلەشتۇرۇپ قارىغاندا كۈچلۈنۈپ سەھى دەرىجىسىگە يەتكەن بولىدۇ.

ت. "ئۆزى مۇستەقىل ھەسەن" ساقلىۋېلىش كۈچى بوشراق، ئادىل بىر رىۋايەتچى ئۇزۇلمىگەن بىرتارىخى ھۆججەت بىلەن پۈچەكلىكتىن ۋە تەسىركۆرسىتىدىغان ئىللەتتىن خالى ھالدا رىۋايەت قىلغان ھەدىس كۆزدە تۇتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن "ئۆزى مۇستەقىل سەھىھ" نىڭ، رىۋايەتچى مۇكەممەل تۇتۇۋېلىش كۈچىگە ئىگە بولۇشنى شەرت قىلىشتىن باشقا پەرقى يوق، شۇڭا "ئۆزى مۇستەقىل ھەسەن ، "ئۆزى مۇستەقىل سەھىھ" تىن تۆۋەنراق دەرىجىدە. بۇخىل ھەدىسنىڭ مىسالى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «نامازنىڭ ئاچقۇچى تاھارەتلەردۇر، ئۇنىڭدا(ئادەتتىكى ھەركەتنى) ھارام قىلغۇچى (بىرىنچى) تەكبىردۇر ۋە ئۇنى ھالال قىلغۇچى سالام بىرىشتۇر» دىگەن سۆزىدۇر.

ئىبنى سالاھ (ئۆزىنىڭ ئىبنى سالاھ مۇقەددىمىسى دىگەن كىتابىدا) دېيىشچە ،ھەسەن ھەدىسنى تونۇشنىڭ يەنە بىر يولى ئۇھەدىسنى ئىمام ئەبۇ داۋۇت يالغۇز رىۋايەت قىلغان بولۇشتۇر.

س "باشقىسىغا قوشۇلۇپ ھەسەن"دىگەن: كىلىش يوللىرى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ بىر-بىرىنى تولۇقلاپ يالغانچى ۋە يالغانچىلىق بىلەن ئەيىپلەنگەن بىرەركىشى بولماسلىقتىن ئىبارەت سۈپەتكە ئىگە قىلغان زەئىپ (ئاجىز)ھە دىستۇر. بۇنىڭ مىسالى : خەتتاپ ئوغلى ئۇمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇ ئىيتقان مۇنۇ ھەدىستۇر:«پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىككى قولىنى دۇئاغا سوزسا ئۇئىككى قولى بىلەن يۈزىنى سىلىماستىن قوللىرىنى چۈشۈرمەيتتى». بۇ ھەدىسنى ئىمام تىرمىزى ئىنقلاپ چىقارغان بولۇپ (ئىبنى ھەجەر) "بۇلۇغۇلمەرام" كىتابىدا بۇھەدىس باياندا مۇنداق دىگەن ، بۇھەدىسكە "ئەبۇداۋۇت " كىتابىدا ۋە باشقىسىدا ئىسپاتلار بار بولۇپ خۇلاسىسى بۇھەدىسنىڭ ھەسەن ھەدىس ئىكەنلىكىنى تەقەززا قىلىدۇ.

"باشقىسىغا قوشۇلۇپ ھەسەن" دەپ ئاتىلىشى، ھەدىسنىڭ ھەربىريوللىرىغا ئايرىم قارىغاندا ھەدىس "ھەسەن" لىك دەرىجىسىگە يەتمىگەن ئەمما ھەممە يوللىرىنى بىرلەشتۇرۇپ قارىغاندىكۈچلىنىپ، بۇ دەرىجىگە يەتكەندۇر.

ج. زەئىپ ھەدىس بولسا، "سەھى" بىلەن "ھەسەن"نىڭ شەرتلىرىدىن خالى بولغان ھەدىستۇر. بۇنىڭ مىسالى : «كىشىلەردىن يامان تەرىپىنى ئويلاپ ساقلىنىڭلار» دىگەن ھەدىستۇر.

زەئىپ ھەدىسنى تونۇشنىڭ يوللىرىدىن بىرى : يالغۇز ئۇقەيلى، ياكى يالغۇز ئىبنى ئەدى، ياكى يالغۇز خەتىبۇل بەغدادى رىۋايەت قىلغان بولسا ۋە ياكى ئىبنى ئەساكىر ئۆزىنىڭ "تارىخ" كىتابىدا ۋە دەيلەمى "مۇسنەد ئەل پىردەۋس" كىتابىداكەلتۈرگەن بولسا شۇنداقلا "سۇنەن" كىتابىنىڭ تۈزگۈچىسى ئىمام تىرمىزى ئەمەس بەلكى تىرمىزى ئەلھەكىم (دەپ

ئاتالغان ھەدىسشۇناس سۇيى ) "نەۋادىرۇل ئۇسۇل كىتاۋىدا كەلتۈرگەن بولسا ۋە ياكى ھاكىم ۋە ئىبنى جارۇد ئۆزلىرىنىڭ "تارىخ" كىتاپلىرىدا يازغان بولسا زەئىپ ھەدىس بولىدۇ.

4- "زەئىپ" تىن باشقا "ئاھاد" خەبەرلىرىنىڭ پايدىسى .

بىرىنچى : نەقىل قىلىنغان كىشى (رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام)غا مەنسۇپ بولۇشىنىڭ ساغلاملىقى كۈچلۈك بولۇشتىن ئىبارەت (ئەززەن) تونۇش، بولۇپ بۇ يۇقۇردىكى دەرىجىلەربويىچە ھەرخىل بولىدۇ، تونۇشلۇق ئىشارىلەر ۋە ئاساسلاردىن پاكىتلىرى تېپىلسا(تونۇشلا ئەمەس) ئىلىم بىرىشىمۇ مۇمكىن .

ئىككىنچى: ئەگەر خەۋەربولسا كۆرسەتمىسىنى تەستىقلاش ۋە ئەمەل قىلىش، ئەگەرتەلەپ(بۇيرۇق) بولسا ئىجراقىلىشتۇر.

ئەمما زەئىپ (ئاجىز) ھەدىس بولسا، (ئەززەن دىن ئىبارەت) تونۇشنىمۇ ئىپادىلىيەممەيدۇ، ئەمەل قىلىشقا بايدىسىمۇ يوق ۋە دەلىلمۇ ھىساپلانمايدۇ، شۇنداقلا قىززىقتۇرۇش ياكى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن (ھىكمەتلىك سۆزئورنىدا) قوللۇنۇشتىن باشقا زەئىپ ئىكەنلىكىنى بايان قىلماي تۇرۇپ تىلغا ئېلىشقىمۇ بولمايدۇ. بىر تۈركۈم ئالىملار تۆۋەندىكى ئۈچ شەرت بىلەن ئۇنى تىلغا ئېلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىگىنى كۆرسەتتى:

1-زەئىپ (ئاجىز) لىق دەرىجىسى بەك يۇقۇرى بولماسلىق.

2-تەرغىپ قىلىنۋاتقان ۋە ئاگاھلاندۇرۇلۋاتقان ئەمەلنىڭ ئاساسى ئەسلىدە پۇختا ھۆججەتلىك بولۇش.

3-بۇنى (يەنى زەئىپ ھەدىسنى ) رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتقان دەپ ئىتقاد قىلماسلىق.

مۇشۇلارغا ئاساسەن ئۇنى تەرغىبات ئۈچۈن تىلغا ئېلىشنىڭ پايدىسى كۆڭۈللەرنى قىزىقتۇرۇلغان ياخشى ئىشقا جەلىپ قىلىش بولۇپ بۇنىڭدىن ساۋاپ ئۈمىت قىلىنىدۇ، ئەگەر كۈتۈلگىنى ھاسىل بولسا ياخشى، بولمىغاندىمۇ ئەمەل قىلغۇچىنىڭ ئىبادەتتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىغا زىيان سالمايدۇ، شۇنىڭدەك ئەسلىدىكى(توغرابولغان ئىش، بىدئەت ياكى خاتا بوپ قېلىپ)ساۋاپىمۇ قولدىن كەتمەيدۇ. ئاگاھلاندۇرۇشتا قوللىنىلغاندىكى بايدىسى، ئاگاھلاندۇرۇلغان ئىشقا نىسبەتەن كۆڭۈلنىڭ نەپرىتىنى قوزغاش ۋە يۈزبىرىدىغان ئازاپتىن قورقۇتۇش بولۇپ ئەگەرتىلغا ئېلىنغان ئازاپ يۈز بەرمىگەن تەقدىردىمۇ يىراقلاشقاننىڭ ھېچقانداق زىنى كەلمەيدۇ.

ئۆزى مۇستەقىل سەھىھ(ساغلام)دىگەن تونۇشتۇرۇشنىڭ شەرھىسى.

يۇقۇرىدا ئۆزى مۇستەقىل سەھىھ : دىگەندە، مۇكەممەل ئىگىلىۋېلىش كۈچىگە ئىگە ئادىل بىر رىۋايەتچى ئۇزۇلمىگەن بىرتارىخى ھۆججەت بىلەن پۇچەكلىكتىن ۋە تەسىركۆرسىتىدىغان ئىللەتتىن خالى ھالدا رىۋايەت قىلغان ھەدىس كۆزدە تۇتىلىدۇ. دەپ بايان قىلىنغان بولۇپ بۇسۇپەتلەرنى مۇنداق چۈشىنىش لازىم.

1-"ئادالەت يەنى ئادىل بولۇش" : دىگەندە دىندا ۋە ئىنسانى خۇلۇقتا ئىزچىل بولغان بولۇش.

دىندىكى ئىزچىللىق: پەرىزلەرنى تولۇق ئادا قىلىدىغان ۋە پاسىقلىق سۈپىتىگە ئىگە قىلىپ قويىدىغان ھەرقانداق ھارامدىن يىراق بولغان بولۇش. ئىنسانى خۇلۇقتىكى ئىزچىللىق: كىشلەرياخشى دەپ ماختايدىغان بارلىق گۈزەل ئەدەپ- ئەخلاقنى ئۆزىگە ئۇزلەشتۈرگەن ۋە كىشلەر يامان دەپ ئەيىپلەيدىغان بارلىق يامان ئەخلاقلاردىن يىراق بولغان بولۇشتۇر.

رىۋايەتچىنىڭ ئادالەت سۈپىتىگە ئىگە بولىشىنى ئىمام بۇخارى، ئىمام مالىك ۋە ئىمان ئەھمەد كە ئوخشاش (بۇئىلىمدا)چۇنقۇر چۆككەنلەردىن بولۇشى ۋە مۇشۇ ساھەدە سۆزىنىڭ ئېتىبارلىق ئىكەنلىكىگە (ئاشۇنداق ئىماملاردىن بىرى) تىكىست قالدۇرغان بولۇشى ئارقىلىق تونىلىدۇ.

2- "مۇكەممەل ئىگىلىۋېلىش كۈچىگە ئىگە بولۇش": دىگەندە ئاڭلىغان ياكى كۆرگىنىنى كەم-زىيادەسىز ئۆزيېتى يەتكۈزەيلىغان بولۇشتىن ئىبارەت بولۇپ ئىنتايىن ئاز خاتالىقلار بۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتمەيدۇ،چۈنكى ئۇنىڭدىن ئىنسان خالى بولالمايدۇ.

رىۋايەتچىنىڭ مۇكەممەل ئىگىلىۋېلىش كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىگىنى كۆپۈنچە ئەھۋالدا ئۇنىڭغا ئىشەنچلىك يادلىغۇچىلار قوشۇلغان ۋە ئۇنىڭغا بۇ ساھەدىكى مۆتىۋەرلەر تىكىست قالدۇرغان بولۇشى بىلەن تونىلىدۇ.

3ـ "ئۇزۇلمىگەن بىرتارىخى ھۆججەت": دىگەندە ھەربىر رىۋايەتچى ئۆزى نەقىل قىلغان كىشىدىن بىۋاستە قوبۇل قىلغان ياكى شۇنداق دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدىغان بولۇشتۇر.

بىۋاستە: دىگەن كۆرۈپ تۇرۇپ ئاڭلاپ قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ ئۇنىڭدا رىۋايەتچى" ھەددەسەنى" (يەنى پالانى ماڭا مۇنداق ھەدىس سۆزلەپ بەردى)، " سەمىتۇ" (پالانىدىن مۇنداق ئاڭلىدىم)، " رەئەيتۇ" (پالانىنىڭ مۇنداق قىلغانلىقىنى كۆردۇم) دىگەندەك ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەن بولىدۇ.

شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدىغان بولۇش : دىگەن زاماناداش كىشىدىن كۆرۈپ ئاڭلىغانلىقىغا ئىھتىماللىق ئىپادىلىنىدىغان ئىبارىلەر بىلەن نەقىل قىلغانلىق كۆزدە تۇتۇلۇپ ئۇنىڭدا رىۋايەتچى " قالە پۇلان" (پالانىنىڭ دىيىشىچە)، " ئەن پۇلان" (پالانىدىن نەقىل قىلىنىشىچە)، " پەئەلە پۇلان" (پالانە مۇنداق قىلغان ئىدى) دىگەندەك ئىبارىلەرنى قوللانغان بولىدۇ.

زاماندىشى بىلەن بىۋاستە ئۇچراشقانلىقىنى ئىسپاتلاش شەرت قىلىنامدۇ ياكى ئۇچرۇشۇش ئىمكانى بولۇش يېتەرلىكمۇ ؟ دىگەن مەسىلىدە ئىمام بۇخارى ئالدىنقىسىنى شەرت قىلدى، ئىمام مۇسلىم كېيىنكىسىنى شەرت قىلدى.

ئىمام نەۋەۋى، ئىمام مۇسلىم توغرىسىدا نەقىل قىلىپ ئېيتىشىچە بۇساھەدە ئىزدەنگۈچىلەرئىمام مۇسلىمنىڭ يۇقۇرقى قارىشىنى ئىنكارقىلىپ مۇنداق دىگەن:بۇخىل مەزھەپ بار دەيدىغان ھۆكۈمنى ئىھتىمالدىن يىراق قىلىدىغان دەرىجىدە ھەدىس ئېنىقلاش يوللىرى كوپ بولغانلىقتىن بىزگەرچە ئىمام مۇسلىمنى ئۆزكىتابى "سەھىھ مۇسلىم" دا ئۆزى دۇرۇس دىگەن بۇ ئۇسۇلنى قوللاندى دەپ ھۆكۈم بەرمەيدىغان بولساقمۇ ئاللاھ ئەڭ بىلگۈچىدۇر.

بۇپىكىرنىڭ ئورنى "مۇدەللىس"تىن باشقا ھەقتە دۇر، ئەمما "مۇدەللىس" بولسا كۆرگەنلىكىنى ياكى ئاڭلىغانلىقىنى ئوچۇق ئېيتمىغان ئەھۋالدا ئۇنىڭ ھەدىسىنى ئۇزۇلمەي كەلدى دەپ ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ.

تارىخى ھۆججەتنىڭ ئۇزۇلمىگەن ھالدا كەلمىگەنلىكىنى تۆۋەندىكى ئىككى ئىش ئارقىلىق بىلىمىز:

بىرىنجى:رىۋايەت قىلغۇچى بالاغەت يېشىغا يېتىشتىن بۇرۇن رىۋايەت قىلىنغۇچى ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىش.

ئىككىنچى :رىۋايەت قىلغۇچى ياكى ھەدىس پىششۇالرىدىن بىرسى رىۋايەتچى رىۋايەت قىلىنغۇچى بىلەن ئۇچراشمىغان، ياكى ئۆزى بىۋاستە ئاڭلىمىغان ۋە ياكى ئۆزى رىۋايەت قىلغان نەرسىنى نەق كۆرمىگەن دەپ تىكىست قالدۇرغان بولۇش.

4ـ "پۇچەكلىك" دىگەندە ئىشەنچلىك بىر رىۋايەتچى(ئۆزرىۋايىتىدە)، ئادالەت دەرىجىسىدە ياكى ئىگىلىۋېلىش قابىلىيىتى ۋە سان جەھەتتە ۋە ياكى رىۋايەت قىلىنغۇچىنىڭ خىزمىتىدە بولۇش دىگەندەك ئىشلاردىن بىرەسىدە ئۆزىدىن كۈچلۈكراق بىركىشىگە ئوخشىماي قېلىشتىن ئىبارەتتۇر.

بۇنىڭ مىسالى : زەيت ئوغلى ئابدۇللاھنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ تاھارىتىنىڭ سۈپىتى توغرىسىدىكى ھەدىسى بولۇپ ئۇنىڭدا مۇنداق كەلگەن:« پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ قولىنى يۇغان سۇدىن باشقا سۇ بىلەن بېشىغا مەسھ قىلاتتى». ئىمام مۇسلىم بۇھەدىسنى ئىبنى ۋەھبى يولى بويىچە مۇشۇ ئىبارە بىلەن نەقىل قىلغان بولسا، ئىمام بەيھەقى ھەم ئوخشاش يول بويىچە :«پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئىككى قولىقىغا ئۆزىنىڭ بېشىغا ئالغاندىن باشقا سۇ ئالدى». دىگەن ئىبارىدە رىۋايەت قىلدى. دىمەك ئىمام بەيھەقىنىڭ رىۋايىتى "پۇچەك" دۇر. چۇنكى ئۇنىڭ ئىبنى ۋەھبىدىن نەقىل قىلغان رىۋايەتچىسى ئىشەنچلىك بولسىمۇ لىكىن ئۇنىڭ رىۋايەت ئىبارىسى (ئوخشاش يولدىن نەقىل قىلغان)ئۆزىدىن كۈچلۈكراق بولغان كىشىگە ئوخشىماي قالدى. دەرۋەقە بىرتوپ كىشىلەرئىمام مۇسلىمنىڭ ئىبنى ۋەھبىدىن قىلغان رىۋايەت ئىبارىسى بويىچە رىۋايەت قىلىشتى، بۇلارغا ئاساسەن بەيھەقىنىڭ رىۋايىتى گەرچە رىۋايەتچىلىرى ئىشەنچلىك بولسىمۇ سەھىھ بولالمىدى . چۇنكى ئۇ "پۇچەكلىك"تىن خالى بولالمىدى.

5ـ"تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىللەت" : دىگەندە ھەدىسنى تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۇنى قوبۇل قىلىشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان تۆۋەندىكى سەۋەپلەرنىڭ بىرىنىڭ ئاشكارا بولىشى بولۇپ ئۇلار:

ئۇ ھەدىسنىڭ "مۇنقەتى"(ئۈزۈك)بولۇشى، ياكى مەۋقۇف(ساھابىنىڭ پىكرى)بولىشى، ياكى رىۋايەتچىنىڭ پاسىق بولىشى، ياكى مۇھاپىزەت كۈچى ناچاربولىشى، ۋە ياكى بىدئەتچى بولۇپ ھەدىس ئۆزبىدئىتىنى كۈچلەندۇرىدىغان

بولۇشى قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئىللەتلەردىن بىرەسى كۆرۈلسە دېمەك ئۇ ھەدىسنى بۇچاغدا سەھىھ دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى (يۇقۇردىكى تەسىريەتكۈزگۈچى ئىللەتلەردىن سالامەت قالالمىغانلىقى ئۈچۈن.

بۇنىڭ مىسالى: ئۇمەرئوغلى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنۇ ھەدىسى بولۇپ ئۇنىڭدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن «ھەيزدار ۋە جىنابەتتىكى كىشى قۇرئاندىن بىرنەرسە ئوقۇپ قالمىسۇن!». بۇھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بولۇپ ئۇ مۇنداق دىگەن: بۇھەدىسنى ئىياش ئوغلى ئىسمائىلنىڭ ئۇقبە ئوغلى مۇسا دىن ..ئاخىرىغىچە رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدىن باشقا نۇقتىدىن ئىگەللىيەلمىدۇق.

دىمەك تارىخى ھۆججەت ساغلامدەك بولسىمۇ لىكىن ئىسمائىلنىڭ ھىجازلىقلاردىن نەقىل قىلىشى زەئىپتۇر، بۇ مۇشۇ نۇقتىدىن بولۇپ بۇنىڭغا ئاساسەن بۇھەدىس تەسىركۆرسەتكۈچى ئىللەتتىن سالامەت بولالمىغانلىقى ئۈچۈن سەھىھ ئەمەستۇر.

ئەگەر ئىللەت تەسىر كۆرسىتەلىغان بولمىساھەدىسنى "سەھىھ "ياكى "ھەسەن" لىكتىن چەكلىمەيدۇ.

مەسىلەن: ئەبۇئەييۇب ئەلئەنسارى رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ ھەدىسىغا ئوخشاش بولۇپ ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:«كىمكى رامىزان روزىسىنى تۇتۇپ ئاندىن ئۇنىڭغا شەۋۋالدىن ئالتە(كۈن )نى ئەگەشتۇرۇپ(روزا)تۇتسا بىرىيىل روزا تۇتقاندەك بولىدۇ». بۇھەدىسنى ئىمام مۇسلىم سەئىد تىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ سەئىد ئوغلى سەئدنى ئىمام ئەھمەد زەئىپ دىگەنلىكى ئۈچۈن بۇھەدىس ئىللەتلەنگەن ئەمما بۇ ئىللەت تەسىركۆرسەتكۈچى ئەمەس. چۈنكى ئۇنى باشقائىماملارئۇنىڭ ئىزدىنىشلىرى بولغانلىقتىن ئىشەنچلىككە چىقارغان شۇنداقلا ئىمام مۇسلىم ئۆزىنىڭ "سەھىھ" كىتابىدا كەلتۈرگەنلىكى بۇھەدىسنىڭ ئۇنىڭ نەزىرىدە سەھىھ ئىكەنلىكىنى ۋە يۇقۇردىكى ئىللەتنىڭ تەسىركۆرسەتكۈچى ئەمەسلىگىنى كۆرسىتىدۇ.

بىرھەدىستا ھەسەن ۋە سەھى سۈپىتىنىڭ يىغىلىشى .

يۇقۇرىدا(باشقىسىغا قوشۇلۇپ سەھى بولغان) سەھى ھەدىس بىلەن (ئۆزى مۇستەقىل) ھەسەن ھەدىس سۈپەدداشلىققا ئىگە بولسىمۇ يەنىلا ئىككى تۈرلۈك بولىدىغانلىقىنى زىكرى قىلغان، لېكىن بەزىدە بىزگە بىرھەدىسنىڭ سەھى ۋە ھەسەن دەپ سۈپەتلەنگەنلىكى ئۇچرايدۇ، بۇئىككىسى ئىككى تۈرلۈك سۈپەت تۇرسا بىرھەدىستا تەڭ مەۋجۇت بولىشىنى قانداق مۇۋاپىقلاشتۇرىمىز؟

جاۋاپ شۇكى ئەگەر (بۇنداق قوش سۈپەتلىك )ھەدىسنىڭ (نەقىل قىلىنىپ كەلگەن )يولى ئىككى بولسا دىمەك بۇئىككى يولنىڭ بىرسى سەھى يەنە بىرسى ھەسەن بولۇپ ھەربىريولنىڭ ئىتىبارى بىلەن ئىككى سۈپەتنى ئۆزىدە توپلىغان بولىدۇ.

ئەگەر(بۇنداق قوش سۈپەتلىك)ھەدىسنىڭ (نەقىل قىلىنىپ كەلگەن )يولى بىر بولسا دىمەك ئۇ، بۇ ھەدىس سەھىلىك دەرىجىسىگە يەتتىمۇ ياكى ھەسەنلىك دەرىجىسىدىمۇدىگەن ئىككىلىنىش بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

(ھەدىستىكى)تارىخى ھۆججەت ئۈزۈكلىگى .

تارىخى ھۆججەت ئۈزۈكلىگىنى تونۇشتۇرۇش، ئۇنىڭ قىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى.

1ـتارىخى ھۆججەت ئۈزۈكلىگى :

بۇ تارىخى ھۆججىتى(پەيغەمبىرىمىزگىچە )ئۈزۈلمەي يىتىپ بارالمىغان ھەدىس بولۇپ، يۇقۇرىدا سەھى ۋە ھەسەن ھەدىسنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى ئۈزۈلمىگەن تارىخى ھۆججەتكە ئىگە بولۇش ئىكەنلىگى ئۆتكەن ئىدى.

2ـتارىخى ھۆججەت ئۈزۈكلىگى تۆت قىسىم بولۇپ ئۇلار:

مۇرسەلۇن ، مۇئەللەقۇن، مۇئەززالۇن ۋە مۇنقەتىئۇن قاتارلىقلاردۇر.

مۇرسەلۇن : دىگەن بىرەرساھابى ياكى بىرەرتابىئىننىڭ ئۆزى بىۋاستە ئاڭلىمىسىمۇ(رەسۇلۇللاھ مۇنداق دىگەن ئىكەن دەپ ئۆزى ئاڭلىغان كىشىنى ئاتىماستىن بىۋاستە)پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا كۆتۈرۈپ نەقىل قىلغان ھەدىستۇر.

مۇئەللەقۇن: دىگەن تارىخى ھۆججىتىنىڭ باش تەرىپى قىسقارتىلغان ھەدىستۇر.

بەزىدە تارىخى ھۆججەتنى پۈتۈنلەي قىسقارتىلغان ھەدىسمۇ كۆزدە تۇتىلىدۇ، مەسىلەن ئىمام بۇخارىنىڭ: <پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەرقانداق چاغلىرىدا ئاللاھنى زىكرى قىلىپ تۇراتتى > دىگەن سۆزىگە ئوخشاش.

ئەمما " ئەلئۆمدە" كىتابىنىڭ ئاپتورىغا ئوخشاش ئاپتورلارنىڭ (بىرھەدىسنى) مەسىلەن، ئۆزئەسلىگە نىسبەت بىرىپ تۇرۇپ تارىخى ھۆججەتنى قىسقارتىپ قىلغان نەقىللىرىگە "مۇئەللەق " دەپ ھۆكۈم قىلىنمايدۇ، چۈنكى نەقىل قىلغۇچى تارىخى ھۆججەت بولىدىغان كىشى ئەمەس بەلكى(ئەسلىگە مەنسۇپ) بىرتارماقتۇر، تارماق ئەسلىنىڭ ھۆكمىدە دۇر.

مۇئەززالۇن: دىگەن تارىخى ھۆججەتىدىكى رىۋايەتچىلەردىن كەينى-كەينىدىن ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن كۆپ رىۋايەتچى قىسقارتىلغان ھەدىستۇر.

مۇنقەتئۇن: دىگەن رىۋايەتچىلىرى ئىچىدىن كەينى ــ كەينىدىن بولمىسىمۇ بىر ياكى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ رىۋايەتچى قىسقارتىلغان ھەدىستۇر.

بەزىدە ھەرقانداق رىۋايەتچىسى تولۇق تۇتىشالمىغان ھەدىس كۆزدە تۇتىلىدىغان بولۇپ بۇچاغدا تۆرت قىسمىنىڭ ھەممىنى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ مىسالى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلىپ ئېيتقان مۇنۇ ھەدىستۇر:

بىزگە ھۇمەيدى زۇبەيرئوغلى ئابدۇللاھتىن ھەدىس سۆزلەپ بەردى ئابدۇللاھنىڭ دىيىشچە ئۇنىڭغا سۇف فيان ھەدىس سۆلەپ مۇنداق دىگەن، بىزگە سەئىيدىل ئەنسارى ئوغلى يەھيا ھەدىس سۆزلەپ مۇنداق دىگەن ، ماڭا ئىبراھىم ئەتتەيمى نىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئۆزىنىڭ ۋەققاس ئەللەيسى ئوغلى ئەلقەمەنىڭ مۇنداق دەۋاتقانلىغىنى ئاڭلىغانلىغىدىن خەۋەر بەردى، ئۇمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنبەردە مۇنداق دەۋاتقانلىغىنى ئاڭلىدىم ،پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم «ئەمەللەر پەقەتلا نىيەتلەرگە باغلىقتۇر، ...».

ئەگەر بۇھەدىستىن ئۇمەر ئىبنى خەتتاپ قىسقارتىلسا ئۇچاغدا بۇھەدىس مۇرسەل بولىدۇ.

ئەگەر ھۇمەيدى قىسقارتىلسا مۇئەللەق بۇلىدۇ.

ئەگەرسۇفيان بىلەن سەئىيد ئوغلى يەھيا قىسقارتىلسا مۇئەززال بولىدۇ.

ئەگەرئۇنىڭدىن سۇفيان بىلەن تەيمى ياكى سۇفيان يالغۇز قىسقارتىلسا مۇنقەتى بولىدۇ.

3-تارىخى ھۆججەت ئۈزۈكلىكىنىڭ ھۆكمى:

قىسقارتىلىنغۇچىنىڭ ئەھۋالى ئېنىق بولمىغاچقا تۆۋەندىكىلەردىن باشقا تارىخى ھۆججەت ئۈزۈكلىكى تۈرلىرىنىڭ ھەممىسى قۇبۇل قىلىنمايدۇ.

1-ساھابىدىن بولغان مۇرسەل.

2-كۆپۈنچە ئالىملارنىڭ قارىشىچە تابىئىنلارنىڭ چوڭلىرىنىڭ مۇرسەللىرىمۇ ئەگەر ئۇنى كۈچلەندۈرىدىغان باشقا بىرمۇرسەل ياكى بىرەر ساھابىنىڭ ئەملى ئىشى ياكى قىياسى بولسا قۇبۇل قىلىنىدۇ.

3-مۇئەللەقمۇ ئەگەر جەزىم شەكلىدە كىلىپ "سەھىھۇلبۇخارى" غا ئوخشاش سەھىلىك مەسىلىسى چىڭ تۇتۇلغان كىتاپتا كەلسە قۇبۇل قىلىنىدۇ.

4-قايسى بىرتۇر بولسۇن ئۇنىڭ قۇبۇل قىلىش شەرتلىرى تولۇق ۋە تارىخى ھۆججىتى ئۈزۈلمەي كەلگەن يەنە بىريولى بولسا قۇبۇل قىلىنىدۇ.

التدليس

تەدلىسنى تونۇش، ئۇنىڭ قىسىملىرى، بۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغۇچى بىرقىسىم كىشىلەر ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى.

1-تەدلىس دىگەن (لۇغەت جەھەتتە ئالدامچىلىق مەنىسىدە بولۇپ)ھەدىس ئىلمىدا بىرھەدىسنىڭ تارىخى ھۆججىتى ئەمەلى ئەھۋالدىن ئۈستۈن تۈيغۇ بىرىدىغان شەكىلدە كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

2-تەدلىس ئىككى قىسمىغا بۆلىنىدۇ، بۇلار:

تەدلىس ئەلئىسناد (تارىخى ھۆججەتتىكى كۆپتۈرۈش).

تەدلىس ئەلشۇيۇخ (ھەدىس پىشىۋالىرىدىكى كۆپتۈرۈش).

تەدلىس ئەلئىسناد بولسا رىۋايەتچى ئۆزى ئۇچراشقان بىركىشىنىڭ ئۆزى ئاڭلىمىغان سۆزىنى ياكى كۆرمىگەن ھەركىتىنى، ئاڭلىغان ياكى كۆرگەندەك بىر تۈيغۇ بېرىدىغان ، پالانى مۇنداق دېدى ياكى پالانى مۇنداق قىلدى دىگەندەك ئىبارە بىلەن يەتكۈزىشىنى كۆرسىتىدۇ.

تەدلىس ئەلشۇيۇخ بولسا رىۋايەتچى ئۆزئۇستازىدىن ئۆزىنىڭ كىچىك ئىكەنلىكىنى، ياكى ئۇستازلىرىنىڭ كۆپلىگىنى نامايان قىلىش مەخسىدىدە ۋەياكى باشقا مەخسەتلەردە ئۇ ئۇستاز مەشھۇر بولمىغان سۇپەتلەربىلەن سۇپەتلەپ ياكى ئالاھىدە قىلىپ تىلغا ئېلىپ گۇيا باشقا بىركىشىدەك تۈيغۇ پەيدا قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

3ـ تەدلىس بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاركۆپ بولۇپ بۇلارنىڭ ئىچىدە زەئىپ(يەنى ئاجىزسۇپىتىگە ئىگە)لەرمۇ ۋە ئىشەنچىلىكلەرمۇ بار، مەسىلەن : ھەسەن بەسرى ، ھۇمەيد ئەتتەۋىل، سۇلايمان بىنى مەھران ئەلئەئمەش، مۇھەممەد بىنى ئىسھاق ۋە ۋەلىد بىنى مۇسلىم، قاتارلىقلار بولۇپ، ھاپىز ئىبنى ھەجەر بۇلارنى بەش دەرىجىگە ئايرىغان.

بىرىنچى يەھيا بىنى سەئىد غا ئوخشاش بۇ سۇپەت بىلەن ناھايىتى ئازلا سۇپەتلەنگەنلەر.

ئىككىنچى بۇ سۇپەت بىلەن سۇپەتلىنىش ئېھتىمالى بولغان پىشىۋالار ۋە پىشىۋا بولغانلىقى ئۈچۈن سەھىھ ھەدىس كىتاپلىرىدا ئۇنىڭ رىۋايەتلىرى چىقىرىلغان شۇنداقلا رىۋايەت قىلغان نەرسىلىرىدىكى تەدلىس (كويتۈرۈش)ئاز بولغان كىشىلەر. مەسىلەن : سۇفيان ئەسسەۋرى غا ئوخشاش. ۋە ياكى پەقەت ئىشەنچىلىكلەردىن نەقىل قىلغاندىلا تەدلىس (كۆپتۈرۈش)قىلىدىغان كىشلەردۇر . مەسىلەن :سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە گە ئوخشاش.

ئۈچىنجى ئىشەنچىلىكلەرگە باغلانمىغان ھالدا تەدلىس (كۆپتۈرۈش)نى كۆپ قىلغان كىشىلەر. ئەبىززۇبەير ئەلمەككى غا ئوخشاش.

تۆتىنچى ئېنىقسىز ۋە زەئىپ كىشلەردىن نەقىل قىغاندا تەدلىسنى كوپ قىلغان كىشىلەر. بەقىييە بىنى ۋەلىد غا ئوخشاش.

بەشىنچى تەدلىستىن باشقا ئۇنىڭغا يەنە بىرئىش سەۋەپلىك زەئىپلىك قوشۇلغان كىشىلەر. ئابدۇللاھ بىنى لۇھەيئە گە ئوخشاش.

4ـ تەدلىس نىڭ ھۆكمى.

ئىشەنچىلىك بولمىغان شۇنداقلا ئۆزى رىۋايەت قىلغان كىشىدىن بىۋاستە ئاڭلىغانلىقىنى نامايان قىلىپ ،پالانىنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ياكى پالانىنىڭ مۇنداق قىلغانلىقىنى كۆردۈم ۋە ياكى پالانى ماڭا مۇنداق ھەدىس سۆزلەپ بەردى دەيدىغان تەدلىس(كويتۈرۈش) قىلغۇچىلارنىڭ ھەدىسى قۇبۇل قىلىنمايدۇ. لېكىن سەھى بۇخارى ۋە سەھى مۇسلىمدىن ئىبارەت سەھى كىتاپتا تەدلىس (كۆپتۈرۈش)شەكلىدە كىلىپ تەدلىس قىلغۇچىلارنىڭ ئىشەنچىلىكلىرىدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىس قۇبۇل قىلىنىدۇ، چۈنكى ئۇممەت ئۇئىككى كىتاپتىكىنى تەپسىلاتسىز (ئۇمۇمەن)قۇبۇل قىلغان.

ئەلمۇزتەرىب.

مۇزتەرىب (تۇراقسىزلىق)نى تونۇشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى.

1ـ مۇزتەرىب دىگەن (لۇغەتتە تۇراقسىزلىق مەنىسىدە بولۇپ ھەدىس ئىلمىدا)تارىخى ھۆججەتدىكى رىۋايەتچىلەردە ياكى شۇ ھەدىسنىڭ تېكىستىدە ئوخشىماسلىقلار كۆرۈلۈپ ئۇنى بىر-بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ بىرىيەرگە ئەكىلىش ياكى قايىسىسىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىگىنى بىكىتىش مۇمكىن بولمىغان ھەدىستۇر.

بۇنىڭ مىسالى: ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇئەنھۇ رىۋايەت قىلغان مۇنۇھەدىس بولۇپ ئۇنىڭدا ئەبۇبەكرى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا چاچ-ساقاللىرىدا ئاقلارنى كۆرۈۋاتىمەنغۇ! دىگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن «مىنى ھۇد ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى قېرىتتۇەتتى». بۇھەدىستا ئۇنىغا يىقىن نۇقتىدا ئوخشىماسلىقلاركۆرۈلگەن بولۇپ، مۇرسەل شەكلىدىمۇ،مەۋسۇل شەكلىدىمۇرىۋايەت قىلىنغان، شۇنداقلا تارىخى ھۆججەتدىكى كىشىلەردە ئەبۇبەكرىدىنمۇ، ئائىشە دىنمۇ ۋە سەئىد دىنمۇ رىۋايەت قىلىنغان،(ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن!). يەنە بۇنىدىن باشقا

ئوخشىماسلىقلارمۇ بولۇپ بۇلارنى مۇناسىپ ھالدا بىرنۇقتىغا توپلاش ياكى قايسىسىنىڭ كۈچلۈكلىگىنى بىكىتىش مۇمكىن بولمىغان.

ئەگەرمۇناسىپ ھالدا بىرنۇقتىغا توپلاش مۇمكىن بولسا چوقۇم شۇنداق قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ، ۋە مۇزتەرىب (تۇراقسىزلىق) يوقىلىدۇ.

بۇنىڭ مىسالى: پەيغەمبەرسەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋىدالىشىش ھەججىدە قىلغان ئىھرامى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردە ئوخشىماسلىقلار بولۇپ ئۇنىڭ بەزىسىدە ئۇزات ھەجگىلا ئىھرام باغلىغان دەپ كەلسە بەزىسىدە تەممەتتۇئ( يەنى ھەج تەممەتتۇئ) قىلغان دەپ كەلگەن، يەنە بەزىسىدە بولسا ئۆمرە بىلەن ھەج ئارىسىنى قىران قىلغان (يەنى ھەج قىران قىغان)دەپ كەلگەن. بۇتوغرىدا شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىييە مۇنداق دىگەن : بۇرىۋايەتلەر ئارىسىدا قارمۇ-قارشىلىق يوق، چۇنكى رەسۇلۇللاھ تەممەتتۇئىنى قىران تەممەتتۇئى قىلغان (يەنى تەممەتتۇئ ۋە قىران ھەججىنى بىراقلا قىلغان )ۋە يالغۇزھەج ئەمەللىرىنىلا ئادا قىلغان. (يەنى) ئۆمرە بىلەن ھەججىنى يانداشتۇرۇپ قىلغاچقا ھەججى قىران قىلغان بولسا ئىككى تاۋاپ ۋە ئىككى سەئيىنىڭ بىرىنىلا قىلغانلىق ئېتىبارى بىلەن ھەججى مۇپرەد (يالغۇزھەج)قىلغان بولدى، شۇنداقلا ئىككى سەپەرنىڭ بىرىنى قىسقارتىپ راھەتلىنىشى ئېتىبارى بىلەن ھەججى تەممەتتۇئ قىلغان بولدى.

ئەگەر بىرىنى كۈچلەندۈرۈش مۇمكىن بولسا ھەم مۇزتەرىب(تۇراقسىزلىق)يوق بولىدۇ.

بۇنىڭ مىسالى: بۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھا توغرىسىدىكى ھەدىس بولۇپ بۇنىڭدا ئۇ ئازات قىلىنغان چاغدا رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭغا ئۆز ئىرى بىلەن قېلىش ياكى ئايرىلىش ئىختىيارلىقى بەرگەن ئىدى. بۇئايالنىڭ ئىرى قۇل كىشىمىدى ياكى ئازات كىشىمىدى ؟

ئەسۋەد ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن قىلغان رىۋايەتتە ئۇكىشىنى ھۆرئادەم ئىدى دەپ كەلگەن،شۇنداقلا زۇبەيرئوغلى ئۇرۋە، ۋە مۇھەممەد بىنى ئابابەكرنىڭ ئوغلى قاسىم دىن قىلىنغان رىۋايەتتە ئۇئادەم قۇل ئىدى دەپ كەلگەن، بۇئىككىسىنىڭ رىۋايىتى ئەسۋەدنىڭ رىۋايىتىدىن كۈچلۈك ھىساپلاندى چۇنكى ئۇئايال ئۇرۋەنىڭ ئانا تەرەپ ھاممىسى قاسىمنىڭ دادا تەرەپ ھاممىسى بولۇپ ئۇئىككىسىگە ئۇرۇق- تۇققان كىلەتتى، ئەسۋەد بولسا يات ئىدى،شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ رىۋايىتىدە ئۇزۇكلۈك بارئىدى.

2-مۇزتەرىب(تۇراقسىزلىق)نىڭ ھۆكمى.

مۇزتەرىپ(بولغان ھەدىس)زەئىپ بولۇپ ھۆججەت قىلىشقا بولمايدۇ،چۇنكى ئۇنىڭدىكى ئىزتىراب (تۇراقسىزلىق) ھەدىس رىۋايەتچىسىنىڭ مۇكەممەل ئىگىلىۋېلىش كۈچىگە ئىگە بولمىغىنىنى كۆرسىتىدۇ، لېكىن ئىزتىراب (تۇراقسىزلىق) ھەدىسنىڭ ئاساسىغا يېتىپ بارمىغىدەك بولسا زىنى يوق.

بۇنىڭ مىسالى: ئۇبەيد ئوغلى پۇزالە رەزىيەللاھۇئەنھۇھەققىدىكى ھەدىسنىڭ رىۋايىتىدىكى ئوخشىماسلىقلار بولۇپ ئۇنىڭداكىلىشىچە خەيبەركۈنى پۇزالە ئون ئىككى دىنارغا ئالتۇن بىلەن يىپقاتىزىلغان مارجىنى بار بىربۇلاپكا سېتىۋالغان،ئۇنىڭ دىيىشىچە مەن بۇ بۇلاپكىنى چۇۋۇغان چېغىمدا ئۇنىڭدىن ئون ئىككى دىنارلىقتىن كوپ نەرسە چىقتى مەن بۇنى رەسۇلۇللاھ غا يەتكۈزدۇم ئۇزات مۇنداق دىدى: «چۇۋۇماي سېتىشقا بولمايدۇ». بەزى رىۋايەتلەردە ئۇ سېتىۋالغان دەپ كەلسە بەزىسىدە ئۇنىڭدىن سېتىۋالغانلىقى توغرىسىدا باشقا بىرى سورىغان دەپ كەلگەن، يەنە بەزى رىۋايەتلەردە ئۇبۇلاپكا ئالتۇن ۋە تىزىق مارجان دەپ كەلسە بەزىسىدە ئالتۇن ۋە گۆھەر دەپ كەلگەن، يەنە بەزى رىۋايەتتە تىزىق مارجان بىلەن ئېپسىلغان ئالتۇن دەپ كەلگەن، شۇنداقلا بەزى رىۋايەتلەردە ئون ئىككى دىنار دەپ كەلسە يەنە بەزى رىۋايەتتە ئون توققۇزدىنار دەپ كەلگەن يەنە بەزىسىدە يەتتە دەپ كەلگەن .

بۇھەدىس توغرىسىداھاپىز ئىبنى ھەجەرمۇنداق دىگەن :مەزكۇر(ئوخشىماسلىق)لاربۇھەدىسنىڭ ئاجىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ،بەلكى (بۇلاپكىنىڭ ھەرخىل قىممەتتىكى بويۇملىرىنى چۇۋۇپ) ئايرىماي تۇرۇپ سېتىشنىڭ چەكلەنگەنلىكىدىن ئىبارەت دەلىل ئېلىش كۆزلەنگەن ئاساس تەسرىگە ئۇچرىماي ساقلانغانلىغىدا ھېچ ئىختىلاپ يوق،

(بۇلاپكىنىڭ )ئىشلەنگەن ماتېرىيالى، باھا مىقدارى قاتارلىقلارنىڭ بۇھەدىس(تېكى ئاساس)بىلەن ئالاقىسى يوق، بۇنداق ئەھۋالدا ئىزتىراب (تۇراقسىزلىق) نى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ.

شۇنىڭدەك رىۋايەتچىنىڭ مەۋجۇتلىغىدا بىرلىككە كېلىنگەن بولسا ئۇنىڭ ئىسمى، تەخەللۇسى ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردە يۈزبەرگەن ئوخشىماسلىقلار ئىزتىراب(تۇراقسىزلىق)كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ، بۇنداق ئەھۋاللار سەھى ھەدىسلاردىمۇ كوپ ئۇچرايدۇ.

ئەلئىدراج قىلمەتىي:

ھەدىس تېكىستىدىكى قىستۇرما:

ھەدىس تېكىستىدىكى قىستۇرمىنى تونۇشتۇرۇش . ئۇنىڭ ئورنى ۋە مىساللىرى . قىستۇرما ئىكەنلىكىگە قاچان ھۆكۈم قىلىنىدۇ(قاتارلىقلار).

1ـ"ھەدىس تېكىستىدىكى قىستۇرما " نى تونۇشتۇرۇش:

"ھەدىس تېكىستىدىكى قىستۇرما" بولسا ھەدىس رىۋايەتچىلىرىنىڭ بىرى، شۇھەدىستىكى بىرەرسۆزنى ئىزاھلاپ، ياكى ھەدىس مەزمۇنىدىن ھۆكۈم خۇلاسىلەپ ۋە ياكى ھەدىستىكى بىرەرھېكمەتنى بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىكەنلىگىنى كۆرسەتمەستىن ھەدىسقا قوشقان (قىسقا)سۆزدۇر.

2ـئۇنىڭ ئورنى ۋە مىساللىرى:

ھەدىس تېكىستىدىكى قىستۇرما، ھەدىسنىڭ باش تەرىپىدە، ياكى ئوتتۇرىسىدا ۋە ياكى ئاخىرىدا كېلىدىغان بولۇپ ئۇنىڭ مىساللىرى تۆۋەندىكىچە:

باش تەرىپىدە كېلىشىنىڭ مىسالى، ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىڭ : «تەرەتنى چۆكتۈرۈپ (مۇكەممەل) ئېلىڭلار، ئالا قويغان يەرلەرگە دوزاخ ئوتىدىن ۋاي !» دېگەن ھەدىسىنىڭ باش قىسمىدىكى"تەرەتنى چۆكتۈرۈپ (مۇكەممەل)ئېلىڭلار" دېگەن سۆز، ئەبۇھۇرەيرىنىڭ ئۆزىنىڭ سۆزى بولۇپ بۇنى ئەبۇھۇرەيرىنىڭ بۇخارىدىكى يەنەبىررىۋايىتى بايان قىلىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭدا ئەبۇھۇرەيرە مۇنداق دېگەن: تەرەتنى چۆكتۈرۈپ (مۇكەممەل)ئېلىڭلار،چۈنكى ھەقىقەتەن ئەبۇلقاسىم سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەم «ئالاقويغان يەرلەرگە دوزاخ ئوتىدىن ۋاي!» دېگەن.

ئوتتۇرىسىدا كېلىشىنىڭ مىسالى : ئائىشە رەزىيەللاھۇئەنھا نىڭ پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھى(قانداق) باشلانغانلىق توغرىسىدىكى (ئەھۋالنى تەسۋىرلىگەن)ھەدىسى بولۇپ بۇنىڭدا مۇنداق كەلگەن:« ئۇ(يەنى رەسۇلۇللاھ) ئايرىلىپ چىقىپ ھىراغارىدا خىلۋەتتە بولاتتى- بۇبولسا ئىبادەت قىلىش بولۇپ- بىرنەچچە كېچىلىك ئىدى ،» بۇ ھەدىستىكى " بۇ بولسا ئىبادەت قىلىش بولۇپ" دېگەن ئىبارە (ھەدىس رىۋايەتچىسى ) زۇھرىنىڭ ئىدراج( قىستۇرما) قىلغان سۆزلىرىدىن بولۇپ بۇنى ئۇنىڭ بۇخارىدا كەلگەن يەنەبىررىۋايىتىدىكى ئىبارىسى ئېنىقلاپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ ئىبارىسى مۇنداق : «ئۇ(رەسۇلۇللاھ) ئايرىلىپ چىقىپ ھىراغارىغا كىرىپ كېتەتتى- ئۇ(زۇھرى)نىڭ دېيىشىچە "ئايرىلىپ چىقىپ كەتتى" دېگەن سۆز ئىبادەت قىلىش دېگەنلىك بولۇپ- بىرنەچچە كېچىلىك ئىدى».

ئاخىرىدا كېلىشىنىڭ مىسالى: ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇ نىڭ مۇنۇ ھەدىسى بولۇپ (ئۇنىڭدا) رەسۇلۇللاھ سەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن«شەكسىزكى مېنىڭ ئۈممىتىم قىيامەت كۈنى كېچىك تاھارەتلىرىنىڭ ئىزناسلىرى سەۋەپلىك، كەكلىك تۇخۇمدەك ئېقى بولغانلار دەپ چاقىرىلىدۇ، شوڭا ھەرقاندىغىڭلار ئۆزىنىڭ ئېقىنى ئۇزارتىشقا ئىمكان تاپسىلا ئۇزارتسۇن!».

بۇھەدىستىكى "شوڭا ھەرقاندىغىڭلار ئۆزىنىڭ ئېقىنى ئۇزارتىشقا ئىمكان تاپسىلا ئۇزارتسۇن!" دېگەن سۆز ئەبۇھۇرەيرەنىڭ ئىدراج(قىستۇرما)قىلغان سۆزى بولۇپ، بۇھەدىسنى ئەبۇھۇرەيرىدىن پەقەت نۇئەيم ئىبنى مۇجمەررىۋايەت قىلغان، (ئىمام ئەھمەد نىڭ ) مۇسنەد كىتابىدا ئۇ(نۇئەيم)نىڭ " شوڭا ھەرقاندىغىڭلار ئۆزىنىڭ ئېقىنى

ئۇزارتىشقا ئىمكان تاپسىلا ئۇزارتسۇن! " دېگەن سۆز پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىمۇ ياكى ئەبۇھۇرەيرىنىڭ سۆزىمۇ بىلمەيمەن، دېگەنلىكى زىكىر قىلىنغان. ھەدىس يادلىغۇچى (پىشىۋالار)دىن خېلى كۆپچىلىگى ئۇ سۆزنىڭ مۇدرىج(قىستۇرما) ئىكەنلىگىنى بايان قىلغان. ئىسلام پىشىۋاسى ئىبنى تەيمىييە مۇ بۇسۆز پەيغەمبەرسەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللە منىڭ سۆزى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دېگەن.

3- قىستۇرما ئىكەنلىكىگە قاچان ھۆكۈم قىلىنىدۇ؟

رىۋايەتچىنىڭ سۆزلىرىدىن ياكى (ھەدىس ئىلمى)پىشىۋالىرىنىڭ سۆزلىرىدىن ۋە ياكى مۇدرىج(قىستۇرما)سۆز بولۇپ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ (ئېغىزىدىن چىققان) بولۇشى مۇمكىن بولماسلىق نۇقتىسىدىن بىرەر دەلىل بولماستىن (ھەدىس تېكىستىنىڭ بىرەر قىسمىغا) مۇدرىج ( قىستۇرما) دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ.

ئەززىيادەتۇ پىلھەدىسى:

ھەدىستىكى قوشۇمچە:

ئۇنى تونۇشتۇرۇش، ئۇنىڭ قىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ مىساللىرى بىلەن ھۆكۈملىرى.

1-ھەدىستىكى قوشۇمچە بولسا ھەدىس رىۋايەتچىلىرىنىڭ بىرى ھەدىستىن بولمىغان بىرنەرسىنى ئۇنىڭغا قوشۇشتىن ئىبارەت.

2-ھەدىستىكى قوشۇمچە ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ.

بىرىنچىسى : قىستۇرما شەكلىدىكىدىن ئىبارەت ، بۇ بولسا رىۋايەتچىلەرنىڭ بىرى، ھەدىسنىڭ بىرقىسمى ئەمەسلىك ئاساسىدا ئۆزىيىنىدىن قوشقان نەرسە بولۇپ، يۇقۇردا قاچان بۇنداق شەكىلدە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان ئىدى.

ئىككىنچىسى : رىۋايەتچىلەرنىڭ بەزىسى ھەدىسنىڭ بىرقىسمى ئىكەنلىك ئاساسىدا ئۆزىيىنىدىن قوشقان نەرسىدۇر.

3-ئەگەرقۇشۇلغان نەرسە (ھەدىس ئىلمى ساھەسىدە)ئىشەنچىسىز كىشى تەرىپىدىن بولسا قوبۇل قىلىنمايدۇ، چۈنكى ئىشەنچىسىز كىشىنىڭ ئۆزى يالغۇزھالدا رىۋايەت قىلغان ھەدىسى قوبۇل قىلىنمىغان يەردە قوشقان نەرسىسى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەگەر ئىشەنچلىك كىشى تەرىپىدىن بولۇپ ، قوشقان نەرسىسى ئۇنىڭدىنمۇ ئىشەنچلىكراق ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپراق ھەدىس رىۋايەت قىلغان بىرسىنىڭ رىۋايىتىگە قارشى كېلىپ قالسا يەنىلا قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ بۇچاغدا "شاززۇن" يەنى يۇچەك بولغان بولىدۇ.

بۇنىڭ مىسالى : ئىمام مالىك مۇۋاتتەئى كىتابىدا ئابدۇللاھ بىنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن رىۋايەت قىلغان مۇنۇھەدىس بولۇپ ئۇنىڭدا مۇنداق كەلگەن :« قاچانكى (رەسۇلۇللاھ) نامازنى باشلىسا ئىككى قولىنى ئىككى مۈرىسىنىڭ باراۋىرىدە كۆتىرەتتى، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرىدىغاندا بولسا ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك كۆتىرەتتى».

ئەبۇداۋۇد(بۇ ھەدىس توغرىسىدا سۆزلەپ)بىلىشىمچە، " ئۇنىڭدىن تۆۋەنرەك كۆتىرەتتى" دېگەن ئىبارىنى ئىمام مالىكتىن باشقا ھېچكىم كەلتۈرمىگەن.

ئابدۇللاھ بىنى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گە مەرپۇئەن ( يەنى مەنسۇپ شەكىلدە)قىلىنغان سەھىھ ھەدىس كەلگەن بولۇپ،ئۇنىڭدا (پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام) نامازباشلىغاندا،رۇكۇ قىلغاندا ۋە رۇكۇدىن تۇرغاندا ئۆزىنىڭ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىككى مۈرىسىگىچە قىلىدىغانلىقى پەرقلەندۈرمەستىن بايان قىلىنغان.

ئەگەر (ئىشەنچلىك كىشى تەرىپىدىن بولۇپ ، قوشقان نەرسىسى )باشقىلارنىڭكىگە قارشى كەلمىسە قوبۇل قىلىنىدۇ، چۈنكى بۇچاغدا بۇ قوشۇمچە بىلىم بولىدۇ.

بۇنىڭ مىسالى : ئۇمەررەزىيەللاھۇنىڭ ھەدىسى بولۇپ ، ئۇ زات رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ مۇنداق دېگەنلىگىنى ئاڭلىغان:«سىلەردىن بىرىڭلار كىچىك تاھارەتنى ئىدادىغا يەتكۈزۈپ ئېلىپ ياكى

چۆكتۈرۈپ(مۇكەممەل)ئېلىپ ئاندىن، ھەقىقەتەن ئاللاھتىن باشقائىلاھ يوق ۋە ھەقىقەتەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى، دەپ جاكالايمەن، دەيدىغانلا بولسا ئۇنىڭغا سەككىز جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىپ ئۇنىڭ قايسىسىدىن خالىسا كىرىدۇ».

بۇھەدىسنى ئىمام مۇسلىم ئىككى لىنيە بويىچە رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىرىدە "ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق" دىگەن ئىبارىدىن كېيىن " ئۇنىڭ شېرىكى يوق، يېگانىدۇر" دىگەن سۆز قېتىلغان.

ئىختىسارۇل ھەدىسى.

ھەدىسنى قىسقارتىش.

ھەدىس قىستارتىشنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى.

1ـھەدىسنى قىسقارتىش دىگەندە( مەلۇم بىرھەدىسنىڭ)رىۋايەتچىلىرىنى قالدۇرۇش ياكى ھەدىسنىڭ بىرقىسمىنىلا نەقىل قىلىپ يەتكۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ.

2ـ(تۆۋەندىكى)بەش شەرت ھازىرلانمىسا بىرەر ھەدىسنى قىسقارتىش دۇرۇس بولمايدۇ.

بىرىنچى : ئىستىسنا، نىشان، ھالەت، شەرت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەدىسنىڭ مەنىسىگە تەسىرىيەتكۈزىدىغان ئىبارىلەرنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق.

مىساللار:

ئىستىسنا نىڭ مىسالى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئوپ ـئوخشاش بولمىسا ئالتۇننى ئالتۇنغا ساتماڭلا» دىگەن سۆزىدىن «ئوپـئوخشاش بولمىسا»دىگەن ئىبارىنى قىسقارتىشقا بولمايدۇ.

نىشان نىڭ مىسالى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «مېۋىنى يېتىلگەنلىكى ئېنىق بولغىچە ساتماڭلا»دىگەن سۆزىدىكى «يېتىلگەنلىكى ئېنىق بولغىچە»دىگەن ئىبارىنى قىسارتىشقا بولمايدۇ.

ھالەتنىڭ مىسالى : پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «(سوتچى)غەزەپلىك ھالەتتە ئىككى كىشى ئارىسىدىكى ھۆكۈمنى بىرتەرەپ قىلمىسۇن!»دىگەن سۆزىدىكى «غەزەپلىك ھالەتتە»دىگەن سۆزنى قىسقارتىشقا بولمايدۇ.

شەرتنىڭ مىسالى : ئۇممۇسۇلەيمنىڭ " ئايال كىشىگە ئىھتىلام بوپقالغان چېغىدا يۇيۇنۇش كېرەك بولامدۇ؟" دىگەن سۇئالىغا جاۋابەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئېيتقان «شۇنداق، ئەگەر ھۆللۈك كۆرگەن بولسا» دىگەن جۈملىدىن، «ئەگەرھۆللۈك كۆرگەن بولسا»دىگەن ئىبارىنى قىسقارتىشقا بولمايدۇ.

يەنە بىرمىسال: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ «سىلەرنىڭ بىرىڭلار، ئى ئاللاھ! ئەگەرخالىساڭ مېنى كەچۈرگىن دېمىسۇن » دىگەن سۆزىدىكى «ئەگەرخالىساڭ »دىگەن ئىبارىنى قىسقارتىشقا بولمايدۇ.

شۇنداقلا ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ساغلام ھەجگە جەننەتتىن باشقا مۇكاپات يوق»دىگەن سۆزىدىن «ساغلام »دىگەن سۈپەتنى قىسقارتىشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇئىبارىلەرنى قىسقارتقاندا ھەدىس مەزمۇنى تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

ئىككىنچى: ھەدىسنىڭ سۆزلىنىش مەقسىدى بولغان ئىبارىلەرنى قىسقارتىشقا بولمايدۇ.

مەسىلەن :ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ مۇنۇ ھەدىسىدە بىرئادەم پەيغەمبەرسەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سۇئال سوراپ مۇنداق دىگەن؛ بىزدېڭىزسەپىرى قىلىمىز ۋە ئۆزىمىزبىلەن ئازلا سۇ ئېلىۋالالايمىز، ئەگەرئۇ سۇدا تاھارەت ئالساق تەشنالىقتا قالىمىز، بۇئەھۋالدا دېڭىزنىڭ سۈيىدە تاھارەت ئالساق بولامدۇ؟ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام جاۋابەن مۇنداق دىگەن «ئۇنىڭ (يەنى دېڭىزنىڭ)سۈيى پاكلىغۇچى ۋە ئۆلىگى(يەنى ئۇنىڭدىكى ياشىغۇچى ھايۋانلار ئۆزى ئۆلۈپ قالسىمۇ) ھالالدۇر».

بۇھەدىستىكى «ئۇنىڭ سۈيى پاكلىغۇچى» دىگەن ئىبارىنى قىسقارتىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ھەدىس دەل ئاشۇنى بايان قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ بۇ(ئىبارە)ھەدىسنىڭ توپ مەقسىدىدۇر.

ئۈچىنچى : (قىسقارتىلماقچى بولغان ھەدىس)، بىرەرئاغزاكى ياكى ئەمەلى ئىبادەتنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىپ كەلگەن بولماسلىقى لازىم.

مەسىلەن: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەتكۈزگەن مۇنۇ ھەدىستە پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن؛« سىلەرنىڭ بىرىڭلارنامازدا(تەشەھھۇد غا)ئولتۇرغاندا مۇنداق دېسۇن! بارلىق ھۆرمەت سالاملىرى ئاللاھ غا خاستۇر،دۇئالار ۋە پاكلىقلار ئاللاھ غا مەنسۇپ، ئى پەيغەمبەرساڭا سالام ۋە ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە بەركىتى بولسۇن!، بىز ۋە ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىگىمۇسالام بولسۇن!. "ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق" دەپ جاكالايمەن ۋە "مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى" دەپ جاكالايمەن».

قىسقارتىلغانلىقىغا ئالاھىدە ئەسكەرتىش بەرمىگەن ئەھۋالدا، بۇھەدىستىن ھىچ نەرسىنى قىسقارتىش دۇرۇس بولمايدۇ. چۈنكى قىسقارتىش(بۇئىبادەتتىكى) ئاللاھنىڭ قانۇنى بەلگىلەپ بەرگەن سۈپەتكە تەسىريەتكۈزىدۇ.

تۆتىنچى: سەزمەستىن مەناغا تەسىربىرىدىغان نەرسىنى قىسقارتىپ قالماسلىق ئۈچۈن(قىسقارتقۇچى كىشى) سۆزلەرنىڭ ئۇقۇم دائىرىلىرىنى ۋە قىسقارتىلغاندا مەناغا قانچىلىك تەسىربىرىدۇ ۋە قانچىلىك

تەسىربەر مەيدۇ قاتارلىقلارنى تولۇق بىلىدىغان كىشى بولۇشى كىرەك.

بەشىنچى: (قىسقارتىپ) نەقىل قىلغۇچى كىشى- قىسقارتىسا مۇھاپىزەت كۈچى ياخشى ئەمەس دەيدىغان، ياكى تولۇق بايان قىلسا ھەدىستا قىستۇرما قىلدى دەيدىغان گۇمان ئۇقتىسىدىكى- ئەيىپلەشكە

نىشان بولمايدىغان كىشى بولىشى كىرەك. چۈنكى بۇھالدا ئۇنىڭ قىسقارتىشى، ھەدىسنى قۇبۇل قىلىشتا تەرەددۇت كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ھەدىس بۇسەۋەپلىك زەئىپ بوپقالىدۇ.

بۇ(5-)شەرت بولسا كىتاپلاشتۇرۇلغان مەشھۇر(ھەدىس)كىتاپلاردىن باشقا (كىتاپلاردىن نەقىل قىلغان ئورۇن)دا قويۇلىدۇ. چۈنكى يۇقۇرقى(مەشھۇر) كىتاپلاردىن نەقىل قىلغاندا ئەسلىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش مۇمكىن بولغاچقا تەرەددۇتنى تۈگەتكىلى بولىدۇ.

مانا بۇ شەرتلەرمۇكەممەل ھازىرلانسا- مەيلى ئۇ، ھەربىر پارچىسىنى ئۆزئورنىدا ھۆججەت قىلىش ئۈچۈن نورغۇنلىغان ھەدىس ۋە پىقھى ئالىملىرىنىڭ قىلغىنىدەك پارچىلاش بولغان بولسىمۇ- ھەدىسنى قىسقارتىش دۇرۇس بولىدۇ.

ئەڭ ياخشىسى ھەدىسنى قىسقارتقاندا، "ھەدىسنىڭ ئاخىرغىچە" دىگەندەك سۆزلەر بىلەن قىسقارتقانلىقىغا ئىشارە قىلىپ ئۆتۈش لازىم.

رىۋايەتۇلھەدىسى بىلمەئنا

ھەدىس مەنىسىنى نەقىل قىلىش.

ھەدىس مەنىسىنى نەقىل قىلىشنى تونۇش، ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى.

1-ھەدىسنى مەنىسى بويىچە نەقىل قىلىش دىگەن ، ئۇنى نەقىل قىلىنغان كىشىنىڭ ئىبارىلىرىدىن باشقىچە ئىبارە بىلەن يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت.

2-بۇنداق قىلىش پەقەت مۇنۇ ئۈچ شەرت ئاستىدىلا دۇرۇس بولىدۇ.

بىرىنچى : بۇنداق يەتكۈزگۈچى ھەدىس مەنىسىنى لۇغەت نۇقتىسىدىن ۋە رىۋايەت قىلىنغۇچىنىڭ مەقسىدى نۇقتىسىدىن پىششىق بىلىدىغان كىشى بولىشى لازىم.

ئىككىنچى : يەتكۈزگۈچى ھەدىس مەنىسىنى تولۇق تۇتۇۋالغان بولۇش بىلەن بىرگە ھەدىس ئىبارىسىنى ئىسىگە ئالالمىغانىغا ئوخشاش، مەنا بويىچە يەتكۈزۈش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان بولىشى كىرەك. ئەگەرھەدىس تېكىستىنى يادا بىلىدىغان(ياكى ئۆزىيىتى ئوقۇش شارائىتىدا)بولسا پەقەت تەرجىمە قىلىپ چۈشەندۈرۈش زۆرۈرىيىتىدىن باشقا ئەھۋالدا ھەدىس ئىبارىسىنى ئۆزگەرتىشكە قەتئى دۇرۇس بولمايدۇ.

ئۈچىنچى : ھەدىسنىڭ تېكىستى زىكرى- تەسبىھكە ئوخشاش ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىبارىدە بولماسلىقى لازىم.

شۇنداقلا مەنا بويىچە ھەدىس يەتكۈزگەن ھەرقانداق چاغدا ئۇنى سىزۋالغىلى بولغۇدەك قىلىپ ئۇنىڭ ئاخىرىدا "شۇنداقراق دىگەن " دەيدىغان ئىبارىنى كەلتۈرۈش لازىم . بۇنىڭ مىسالى : مەسجىدگە سىيىپ قويغان سەھرالىق ئەرەپ ۋەقەلىگىنى بايان قىلىپ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلغان مۇنۇھەدىسكە ئوخشاش. ئۇنىڭدا ئەنەس مۇنداق دىگەن : ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى :«شەكسىزكى بۇمەسجىدلەر بۇنداق سۈدۈك ۋە پاسكىنىلىقلارھەرگىزلايىق بولىدىغان ئورۇن ئەمەس، بۇ پەقەت ئۇلۇغ بۈيۈك ئاللاھنى ئەسلەش ، ناماز ئوقۇش ، قورئان تىلاۋەت قىلىش قاتارلىقلارغىلا خاستۇر» ياكى رەسۇلۇللاھ شۇنداقراق دىگەن ئىدى .

ھەكەم ئوغلى مۇئاۋىيەنىڭ ھەدىسمۇ بۇنىڭ يەنەبىر مىسالى بولۇپ ئۇنىڭدا مۇئاۋىيە نامازدا تۇرۇپ سۆزلىسە بولمايدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە سۆزلەپ قالغانلىغىنى ۋە نامازنى ئوقۇپ بولغاندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنىڭغا دىگەن سۆزىنى مۇنداق بايان قىلغان :«شەكسىزكى بۇ نامازدا كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىدىن ھېچ نەرسە لايىق بولمايدۇ ، ئۇ پەقەت تەسبىھ ، تەكبىر، ۋە قۇرئان ئوقۇش قاتارلىقلاردىنلا ئىبارەتتۇر.» ياكى رەسۇلۇللاھ شۇنداقراق دىگەن ئىدى.

ئەلمەۋزۇئۇ

توقۇلما(ھەدىس) .

ئۇنى تونۇشتۇرۇش، ئۇنىڭ ھۆكمى ، ئۇنى ئېنىقلاش ۋاستىسى ، بىربولۇك توقۇلما ھەدىسلار ۋە بۇھەقتە تۈزۈلگەن بىرقىسىم كىتاپلار شۇنداقلا بىر بولۇك يالغان ھەدىس توقۇغۇچىلار.

1-توقۇلما ھەدىس دىگەن يالغاندىن پەيغەمبىرىمىزسەللەللاھۇئەلەيھى ۋە سەللەمگە مەنسۇپ قىلىنغان نۇتۇقتىن ئىبارەتتۇر.

2-ئۇنىڭ ھۆكمى بولسا، ئۇ، قەتئى رەت قىلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ھەزەر قىلدۇرۇش، توقۇلما ئىكەنلىگىنى پاش قىلىش قاتارلىقلارىبلەن بىللە بولماستىن قەتئى تىلغا ئېلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن :«مەندىن بىرسۆزنى ئۇزىنىڭ يالغان ئىيتۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ھەدىس دەپ نەقىل قىلغان كىشى بولسا شەكسىز يالغانچىلارنىڭ بىرىدۇر» ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

3-توقۇلما(ھەدىس)نى ئېنىقلاش ۋاستىلىرى بولۇپ ئۇلاردىن :

بىرىنچى : توقۇغۇچىنىڭ ئۇنى توقۇغانلىق ئىقرارى.

ئىككىنچى: قارمۇ-قارشى نەرسىنى تەڭ مەزمۇن قىلغان بولۇش، مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىنى ئىسپاتلاش ياكى مەۋجۇتلىغى زۆرۈر نەرسىنى ئىنكارقىلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش بىمەنىلىكلەر نىڭ بولىشى بىلەن ھەدىسنىڭ ئەقلىغا زىت بولىشىدۇر.

ئۈچىنچى: (ئىسلام)دىنىدا زەرۈرىيەت بويىچە ئىسپاتلىنىدىغان ئېنىق نەرسىگە قارشى بولىشى. مەسىلەن: ئىسلام ئاساسلىرىدىن بىرەرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانغا ۋە جازانىنى ھالال قىلغانغا ئوخشاش، ياكى قىيامەت ۋاقتىنى بىكىتىش، ۋە ياكى پەيغەمبىرىمىزسەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېيىن يەنە پەيغەمبەر كىلىشىنىڭ مۇمكىنلىكىگە ئوخشاش مەزمۇنلارنىڭ بولىشىدۇر.

4-توقۇلما ھەدىسلەر نۇرغۇن بولۇپ ئۇلاردىن :

بىرىنچى: پەيغەمبىرىمىزسەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىش توغرىسىدىكى ھەدىسلەر.

ئىككىنچى: رەجەپ ئېيىنىڭ پەزىلەتلىرى ۋە ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇشنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرى توغرىسىدىكى ھەدىسلەر.

ئۈچىنچى:مۇسا ئەلەيھىسسالام ھەمرابولغان خىزىرنىڭ ھاياتلىغى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىمىزسەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكى ۋە رەسۇلۇللاھنى دەپنە قىلىش ۋاقتىدا ھازىربولغانلىقى توغرىسىدىكى ھەدىسلەر.

تۆتىنچى: بۇنداق (ئاتالمىش)ھەدىسلار ھەرخىل ماۋزۇلاردا بولۇپ بۇلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى ئەسلەپ ئۆتىمىز:

1ـ"ئەرەپنى ئۈچ ئىش سەۋەبىدىن ياخشى كۆرۈڭلار، مەن(رەسۇلۇللاھ) ئەرەپ بولغان سەۋەپتىن، قۇرئان ئەرەپچە بولغان سەۋەپتىن ۋە جەننەت ئەھلىنىڭ تىلى ئەرەپچە بولغان سەۋەپتىن."
2ـ" ئۇممىتىمنىڭ ئىختىلاپى رەھمەتتۇر"
3ـ " دۇنيارىڭ ئۇچۇن مەڭگۈ ياشايدىغاندەك ئىشلە، ئاخىرەتلىگىڭ ئۇچۇن ئەتە ئۆلىدىغاندەك ئەمەل قىل"
4ـ " دۇنيانى سۆيۈش ھەممە خاتالىقنىڭ بېشى"
5ـ " ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۇملىسىدىن"
6ـ " ئىسىملارنىڭ ياخشىسى ھەمدە ئەيتىش ۋە بەندە مەنىسىدە بولغىنىدۇر"
7ـ " شەرت بىلەن سودا قىلىشتىن چەكلىگەن "
8ـ " قۇربانلىق كۈنىڭلار روزا تۇتىدىغان كۈنىڭلار" .
سۈننەتنى قوغداپ ئۇممەتنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ، بۇنداق توقۇلما ھەدىسلەرنى بايان قىلىپ ھەدىس ئالىملىرى نۇرغۇن كىتاپلارنى تۈزۈپ چىققان بولۇپ بۇلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىمىز:
1ـھىجرىيە 597ـيىلى ۋاپات بولغان ئىمام ئابدىرراھمان ئىبنى جەۋزى نىڭ " مەۋزۇئاتۇلكۇبرا" (توقۇلما ھەدىسلەر چوڭ توپلىمى) كىتابى بولۇپ بۇ كىتاپمۇ توقۇلما ھەدىسلەرنى تولۇق ئۆزئىچىگە ئېلىپ بولالمىغان ۋە بىرقىسىم توقۇلما بولمىغان ھەدىسلەرمۇ ئۇنىڭغا كىرىپ قالغان.
2ـھىجرىيە 1250ـيىلى ۋاپات بولغان ئىمام شەۋكانى نىڭ " ئەلپەۋائىدۇل مەجمۇئە، پىلئەھادىسىل مەۋزۇئە"(توقۇلماھەدىسلەرھەققىدە پايدىلىنىش توپلىمى) دىگەن كىتابىدۇر. بۇكىتاپتىمۇ توقۇلما بولمىغان ھەدىسلەرنىڭ كىرىپ قىلىش دىققەتسىزلىكى يۈزبەرگەن.
3ـ ھجرىيە963ـيىلى ۋاپات بولغان ئىبنى ئىراق نىڭ " تەنزىھۇششەرىئەتىل مەرپۇئە، ئەنىل ئەھادىسۇششەنىئەتىل مەۋزۇئە"(بۈيۈك شەرىئەتنى ، توقۇلماھەدىسلەر يىرگىنىشلىرىدىن پاكلاش) دىگەن كىتابى بولۇپ، بۇكىتاپ بۇتوغرىدا تۈزۈلگەن كىتاپلارنىڭ تولۇقراغىدۇر.
5ـھەدىس توقىغانلار:
ئۇلاركۆپ بولۇپ ئۇلارنىڭ چوڭ ۋە مەشھۇرلىرى :
ئىسھاق ئىبنى نەجىھىل مالتى، مەئمۇن ئىبنى ئەھمەد ئەلھەرەۋى، مۇھەممەد ئىبنى سائىپ ئەلكەلبى، مۇغىرەتەبنى سەئىد ئەلكۇپى، مۇقاتىل ئىبنى سۇلايمان ۋە ۋاقىدى ئىبنى ئەبى يەھيا قاتارلىقلاردۇر.
ھەدىس توقۇغۇچىلار ھەرخىل تەبىقىلىك بولۇپ ئۇلاردىن :
بىرىنچى تەبىقە : زىندىقلار (ئىسلام تونىغا ئورۇنۇۋالغان سۇيقەستچىلەرتەبىقىسى )بولۇپ بۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىنى بۇزۇش ۋە ئىسلامنى قالايمىغان قىلىپ ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۆزگەرتىشنى مەخسەت قىلغاندۇر. بۇنداقلارنىڭ مىساللىرىدىن بىرى: ئەبۇجەئپەرىل مەنسۇر دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگەن مۇھەممەد ئىبنى سەئىد دۇر. بۇ(مەخلۇق) ئەنەس رەزىيەللاھۇئەنھۇ دىن مەرپۇئەن شەكلىدە قىلىپ مۇنۇ ھەدىسنى توقۇپ چىققان: " مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسى ، مەندىن كېيىن ئاللاھ خالىغاندىن باشقا پەيغەمبەريوق" .
بۇنداقلارنىڭ يەنە بىر مىسالى : ئابدۇلكەرىم ئىبنى ئەبى ئەۋجا بولۇپ ئۇنى بەسىرەشەھرىدىكى ئاباباس خەلىپىلىكى ۋالىلىرىدىن بىرى ئۆلتۈرگەن. ئۇنى ئۆلۈم مەيدانىغا ئەكىلىنگەن چاغدا مۇنداق دىگەن : مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردە ھەققەتەن تۆرت مىڭ ھەدىس توقۇپ چىقتىم، ئۇلاردا ھالالنى ھارام ، ھارامنى ھالال قىلدىم.
زىندىقلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم نامىدا ئون تۆرت مىڭ ھەدىس توقۇپ چىققان دەپمۇ كەلگەن.
ئىككىنجى تەبىقە : خەلىپىلەر ۋە ۋالىلارغا خوشامەت قىلغۇچىلار تەبىقىسى بولۇپ بۇلارنىڭ مىسالى : غىياس ئىبنى ئىبراھىم دۇر. ئۇ خەلىپە مەھدىنىڭ ئالدىغا قولىدا بىركەپتەرنى ئوينىغان ھالدا كىرىپ كەلدى ، ئۇنىڭغا مۇمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە ھەدىس سۆزلەپ بەر دېيىلدى دە ئۇ بىر ھەدىس تارىخى شەجەرىسى تىزىپ چىققاندىن كېيىن بۇ ئارقىلىق

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى توقۇدى: " تۆگە ، نەيزە، ئات ۋە قۇشلاردىن باشقىلاردا مۇسابىقە قىلىش يوق" . خەلىپە مەھدى مەن بۇنى مۇشۇ نىڭغا ئاساسەن تۇتىمەن دىدى دە كەپتەرنى قويۋىتىپ ئۇنى بوغۇزلاشقا بۇيرىدى.

ئۈچىنچى : تەبىقە : يۈز-ئابرۇي ۋە مال ــ دۇنيا تەمەسىدە ياكى قورقۇتۇش ، قىزىقتۇرۇش مەخسىدىدە ئاجايىپ ، غارايىپلەرنى سۆزلەپ خەلىق ئاممىسى ئالدىدا ياخشىچاق بولۇشقا ئۇرۇنىدىغانلار تەبىقىسى بولۇپ بۇلارنىڭ مىساللىرى: مەسجىدلەردە ياكى بازار ۋە كۇچا-كويلاردىكى ئىجتىمائى سورۇنلاردا جەڭ نامە ۋە ھەرخىل تەسىرلىك، ئاجايىپ ھىكايىلەرنى سۆزلەپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان ۋايىزلەردۇر .

ئىمام ئەھمەدئىبنى ھەنبەل بىلەن يەھيا ئىبنى مۇئىن توغرىسىدا مۇنداق بىر تارىخى ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ. بۇ ئىككىسى بىرقېتىم "مەسجىد ئەرراساپە" دەپ ئاتالغان بىر مەسجىد دە ناماز ئوقۇيدۇ، نامازدىن كېيىن بىر ۋايىز ئورنىدىن تۇرۇپلا ھىكايە سۆزلەپ ۋەزگە تۇتۇش قىلىپ سۆز بىشىدىلا، ھەدىس ئېيتىپ بەردى بىزگە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە يەھيائىبنى مۇئىن دىگەندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىزگە نىسبەت بىرىلگەن بىر ھەدىس تارىخى شەجەرىسىنى تىزىپ ئۇنىڭدا رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ: " كىمكى ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، دىيسە ئاللاھ ھەربىر سۆزدىن تۇمشۇغى ئالتۇندىن ، پەيلىرى ئۈنچە-مارجاندىن بىرقۇش يارىتىدۇ.... ۋاھاكازا دەپ ئۇزۇن ۋەز ھىكايىلىرىنى ئېيتىپ ، كىشىلەردىن ئالىدىغىنىنى ئېلىپ بىكار بولغاندا يەھيا ئىبنى مۇئىن ئۇنىڭغا قول ئىشارىسى قىلدى، ئۇمۇ بىرنەرسە بەرمەكچى بولىسا كىرەك دەپ ئالدىغا كەلدى، ئۇنىڭغا يەھيا بۇھەدىسنى ساڭا كىم سۆزلەپ بەردى؟ دەپ سورىدى. ئۇ دەرھال ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە يەھيا ئىبنى مۇئىن ، دىدى. يەھيا، مەن يەھيا ئىبنى مۇئىن بولىمەن ، مانا بۇ ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، بىز رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەدىسى باياندا بۇنى پەقەتلا ئاڭلاپ باقماپتىكەنمىزغۇ؟! دىدى. بۇ ۋايىز دەرھاللا مەن، يەھيا ئىبنى مۇئىن ئەخمەق، دەپ ئاڭلاپ كىلىۋاتاتتىم، بۇ پەقەت مۇشۇ سائەتتە ئەمەلگە ئاشتى..! خۇددى ئىككىڭلىدىن باشقا ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە يەھيا ئىبنى مۇئىن يوقتەك ...! ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ۋە يەھيا ئىبنى مۇئىن دىن ئون ئىككىسى خاتىرلەنگەن .. دىدى. بۇ چاغدا ئەھمەد يۈزىگە يىڭنى يىپىپ تۇرۇپ بولدى ئۇنى قوي! قويۇپ كەتكەي ! دىدى. ئۇبولسا بۇ ئىككىسىنى مەسخىرە قىلغاندەك قىلىپ قويۇپ كەتتى.

تۆتىنچى تەبىقە : دىندا قىزىقچانلىق قىلىدىغانلارتەبىقىسى بولۇپ بۇلارمۇ ئىسلامنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقدار نەرسىلەر شۇنداقلا دۇنيا غا بىرىلمەسلىك قاتارلىقلارنى تەرغىپ قىلىپ ھەدىسلەرنى توقۇيدۇ. ئۇلارنىڭ مەخسىدى كىشىلەرنى دۇنيا غا بىرىلىشتىن قۇتقۇزۇپ دىنغا يۈزلەندۇرۇش ئۈچۈن بولغان. بۇلارنىڭ مىسالى : مەرۋە نىڭ قازىسى ئەبى ئىسمەت نۇھ ئىبنى ئەبى مەريەم دۇر. ئۇ قۇرئاننىڭ ھەربىر سۈرىلىرىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا ھەدىس توقىغان . ۋە مۇشۇ مەخسەتتە ھەدىس توقىغانلىقىنى ئىپادلەپ : مەن كىشىلەرنىڭ قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈپ ئەبۇ ھەنىپە نىڭ پىقھىسى ۋە ئىبنى ئىسھاقنىڭ غازات نامىلىرىغا بىرىلىپ كىتىۋاتقىنىنى كۆردۈم ، دىگەن.

بەشىنچى تەبىقە: مەزھەپ ، ئېقىم ، بىرەر شەھەر، بىرەر شەخىس ، بىرەر قەبىلە ياكى مىللەت قاتارلىقلار غا مۇتەئەسسىپلىك بىلەن چوقۇنغۇچىلار تەبىقىسىدۇر. بۇلار ئۆزلىرى مۇتەئەسسىپلىك بىلەن چوقۇنىۋاتقان نەرسىلەرنىڭ پەزىلىتىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ھەدىسلەرنى توقۇيدۇ. بۇلارنىڭ مىسالى : ئۆزىنىڭ ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا يەتمىش ھەدىس توقىغانلىقىنى ئىقرار قىلغان مەيسەرە ئىبنى ئابدۇ راببۇھ غا ئوخشاشلاردۇر.

ئەلجەرھۇ ۋەتتەئدىلۇ:

تەنقىد ۋە ئادالەتكە نىسبەتلەش.

تەنقىد :

تونۇشتۇرۇش، تۈرلىرى، دەرىجىلىرى، قوبۇل قىلىش شەرتلىرى.

1ـ تەنقىد دىگەن رىۋايەتچىنىڭ تەرجىمەھالىدا ئۇنىڭ رىۋايىتىنى رەت قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سۆپەتلەردىن بىرەسىنىڭ ئەسكەرتىلىشى ياكى قوبۇل قىلىش شەرتلىرى بولغان سۆپەتلەردىن بىرەسىنىڭ ئىنكارقىلىنىشىدۇر. مەسىلەن : يالغانچى، پاسىق، زەئىپ(ئاجىز)، ئىشەنچلىك ئەمەس، ئىتىبارى يوق، رىۋايەت قىلغان ھەدىسىنى يېزىشقا بولمايدۇ، قاتارلىق سۆزلەردىن بىرەسى ئۇنىڭ ھەققىدە دېيىلگەن بولىشىدۇر.

2ـ تەنقىد: مۇتلەق(شەرتسىز) تەنقىد ۋە قەيت قىلىنغان(شەرتلىك ) تەنقىد دەپ ئىككى قىسىمغا بولىنىدۇ:

مۇتلەق تەنقىد دىگەندە رىۋايەتچىنىڭ بىرەر نەرسىگە باغلانمىغان ھالدا تەنقىد قىلىنىشى بولۇپ ھەرقانداق ئەھۋالدا ئەيىپلىك بولىدۇ.

قەيت قىلىنغان تەنقىد بولسا رىۋايەتچى بىرەرنەرسىگە نىسبەتەن ئەيىپلەنگەن بولۇپ ئۇ نەرسە بىرەر پىشىۋا ياكى بىرەر گورۇھ دىگەندەك نەرسىلەربولىشى مۇمكىن، بۇنداق ئەھۋالدا رىۋايەتچى ئاشۇمۇئەييەن نەرسىگە نىسبەتەن ئەيىپلىك بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقىسىدا ئەيىپلىك بولمايدۇ.

بۇنىڭ مىسالى: ئىبنى ھەجەرنىڭ "ئەتتەقرىب" كىتاۋىدا-ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان زەيد ئىبنى ھەببان توغرىسىدىكى سۆزى بولۇپ ئۇنىڭدا ئۇنى " راستچىل ،(لېكىن) سەۋرىنىڭ ھەدىسىدە خاتالىشىپ قالىدۇ"دىگەن ئىدى؛ دىمەك زەيد ئىبنى ھەببان سەۋرىدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە زەئىپ (ئاجىز) بولسىمۇ باشقا ھەدىسلىرىدا ئۇنداق بولمايدۇ.

يەنە بىرمىسال: " ئەلخۇلاسە" كىتابىنىڭ ئاپتورىنىڭ ئىسمائىل ئىبنى ئىياش توغرىسىدىكى سۆزى بولۇپ ئۇنىڭدائىسمائىل ئىبنى ئىياشنى  ئىمام ئەھمەد، ئىبنى مۇئىن ۋە ئىمام بوخارىلار شام ئەھلى توغرىسىدا ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى ھىجازئەھلى توغرىسىدا زەئىپ(ئاجىز)ئىكەنلىكىنى بىكىتكەن دەيدۇ؛ دىمەك ئىسمائىل ئىبنى ئىياش ھىجاز(ئەرەپ يېرىم ئارىلى )دىكى ھەدىس ھاپىزلىرىدىن نەقىل قىلغان ھەدىسىدە زەئىپ ئەمما شام(ھازىرقى سۇرىيە ، ئىئوردانىيە ۋە پەلەستىن قاتارلىقلار)دىكى ھەدىس ھاپىزلىرىدىن نەقىل قىلغان ھەدىسىدە زەئىپ ئەمەستۇر.

شۇنىڭغا ئوخشاش، مەسىلەن سۆپەتلەر توغرىسىدىكى ھەدىسلەردە زەئىپ دېيىلگەن چاغدا ئۇنىڭدىن باشقارىۋايەتلەردە زەئىپ بولغان بولمايدۇ.

لېكىن تەنقىد نى قەيت قىلىشتىن مەخسەت رىۋايەتچىنى ئاشۇ قەيت قىلىنغان نەرسىدە ئىشەنچلىك دەيدىغان داۋاغا رەددىيە بىرىش بولسا باشقىسىدىمۇ زەئىپ ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان بولمايدۇ.

3ـ تەنقىد نىڭ دەرىجىلىرى:

ئەڭ يۇقۇرى بولغىنى : بۇنىڭدا " ئادەملەرنىڭ ئەڭ يالغانچىسى" ياكى  " يالغانچىلىق مەنبىئى " دىگەندەك ئەڭ يۇقۇرى چەككە يەتكەنلىكنى كۆرسىتىدىغان ئىبارىلەر قوللىنىلغان بولىدۇ.

ئوتتۇرھال بولغىنى: بۇنىڭدا " كاززاپ( بەك يالغانچى )" ياكى " ۋەززائۇن(ھەدىسنى كۆپ توقۇغۇچى)" ۋەياكى " دەججال (بەك ئازغۇن)" دىگەندەك ئەرەپچىدىكى مۇبالىغە سۆزلەر قوللىنىلغان بولىدۇ.

ئەڭ يەڭگىل بولغىنى : بۇنىڭدا " يەڭگىلتەك" ياكى " مۇھاپىزىتى ياخشى ئەمەس" ۋە ياكى " ئۇنىڭ توغرىسىدا تەنقىد سۆزلەربار" دىگەندەك ئىبارىلەر قوللىنىلغان بولىدۇ.

بۇندىن باشقا بۇلارنىڭ ئارىسىدامەلۇم دەرجىلەرمۇ بار.

4ـ تەنقىد نى قوبۇل قىلىشنىڭ تۆۋەندىكى بەش شەرتى بار.

بىرىنچى : (تەنقىدلىگۈچى) ئادالەت سۈپىتىگە ئىگە كىشى بولىشى كىرەك . پاسىقنىڭ (تەنقىدى) قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئىككىنچى: سەگەك كىشى بولىشى كىرەك . بىخەستە ئادەمنىڭ (تەنقىدى) قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئۈچۈنچى : تەنقىدلەش سەۋەپلىرىنى بىلىدىغان كىشى بولۇش كىرەك . ئىلمى تەنقىد يوللىرىنى بىلمەيدىغان كىشىنىڭ تەنقىدى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

بەشىنچى : (تەنقىد لەنگۇچىلەر) بۇساھەدىكى كۆپچىلىك تەرىپىدىن ئادالىتى ئىسپاتلانغان ۋە پىشىۋا ئىكەنلىكى مەشھۇر بولغان كىشى بولماسلىقى لازىم. مەسىلەن : نابىئ ، شۆئبە، مالىك ، بۇخارى قاتارلىقلارغا ئوخشاش ، بولارغا ۋە بولارنىڭ ئوخشاشلىرىدا تەنقىد قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئەتتەئدىلۇ:

ئادالەتكە نىسبەتلەش:

ئادالەتكە نىسبەتلەشنى تونۇشتۇرۇش، تۈرلىرى، دەرىجىلىرى ۋە قوبۇل قىلىش شەرتلىرى:

1ـ ئادالەتكە نىسبەتلەش: دىگەن ھەدىس رىۋايەتچىسىنىڭ تەرجىمىھالىدا ئۇنىڭ رىۋايىتى قوبۇل قىلىشقا لايىق ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىدىغان بىرەر سۈپەتنى ئىسپاتلاش ياكى رەت قىلىش شەرتلىرىدىن بىرەنى ئىنكار قىلىشتۇر. مەسىلەن : " ئۇ ئىشەنچلىك" ياكى " ئۇنىڭدا مەسىلە يوق " ۋە ياكى " ئۇنىڭ ھەدىسى رەت قىلىنمايدۇ" دىگەنلەر گە ئوخشاش.

2ـ ئادالەتكە نىسبەتلەشمۇ شەرتسىز ۋە شەرتلىك دەپ ئىككى قىسىمغا بولىنىدۇ.

شەرتسىز ئادالەتكە نىسبەتلەشتە رىۋايەتچى بىرەرنەسىگە باغلانمىغان ھالدا تونۇشتۇرۇلغان بولىدۇ دە ھەرقانداق ئەھۋالدا ئىشەنچلىك بولىدۇ.

شەرتلىك ئادالەتكە نىسبەتلەشتە بولسا رىۋايەتچى بىرەر پىشىۋا ياكى بىرەر گورۇھ دىگەندەك نەرسىلەرگە باغلىنىپ تونۇشتۇرۇلغان بولىدۇ دە باشقىسىغا ئەمەس پەقەت ئاشۇ مۇئەييەن نەرسىگە نىسبەتەن ئىشەنچلىك بولىدۇ. مەسىلەن : " ئۇ زۇھرىنىڭ ھەدىسىدا ئىشەنچلىك" ، ياكى " ھىجازلىقلاردىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستا ئىشەنچلىك" دىيىلگەن بولىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ، ئۆزى ئىشەنچىگە نىسبەت بىرىلگەن ئاشۇلاردىن باشقىلار توغرىسىدىكى ھەدىسىدا ئىشەنچلىك بولمايدۇ. لېكىن بۇخىل نىسبەت بىرىشتىن مەخسەت، رىۋايەتچىنى ئىشەنچلىك دىگەن ئاشۇ نەرسىلەردە ئۇنى ئاجىز دەيدىغان دەۋاغا رەددىيە بىرىش بولغان بولسا، ئۇنىڭدىن باشقا ھەدىسلىرىدىمۇ ئىشەنچلىك ئىكەنلىگىنى يوققا چىقارمايدۇ.

3ـ ئادالەتكە نىسبەتلەش دەرىجىلىرى:

ئەڭ يۇقۇرى دەرىجە: بۇنىڭدا، " كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىگى" ، ياكى " پۇختىلىق چېكى ئۇنىڭغا مەنسۇپ" دىگەندەك يۇقۇرى چەككە يەتكەنلىكنى بىلدۇرىدىغان سۈپەتلەركەلگەن بولىدۇ.

ئوتتۇرھال دەرىجە: بۇنىڭدا " ئىشەنچلىك، ئىشەنچلىك " دەپ بىر سۈپەت تەكىتلەنگەن بولىدۇ ياكى " پۇختا، ئىشەنچلىك" دىگەندەك ئىككى سۈپەت كەلگەن بولىدۇ.

تۆۋەن دەرىجە: بۇنىڭدا تەنقىد نىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىگە يېقىنلىقى سىزىلىدىغان سۈپەتلەر كەلگەن بولىدۇ. مەسىلەن : " سالىھ (ياخشى)" ، ياكى " مۇقارىب( يېقىنلاشقۇچى)" ۋە ياكى " ھەدىسى نەقىل قىلىنىدىغان كىشى " دىگەنلەرگە ئوخشاش.

يەنە بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدىغان مەلۇم دەرىجىلەرمۇ بار.

4ـ ئادالەتكە نىسبەتلەشنى قوبۇل قىلىشنىڭ تۆرت شەرتى:

بىرىنچى : (ئادالەتكە نىسبەتلىگۇچى ئۆزىمۇ) ئادىل بولىشى لازىم . پاسىقنىڭ( گۇۋاھلىقى) قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئىككىنچى : (ئادالەتكە نىسبەتلىگۇچى) سەزگۇر كىشى بولىشى كىرەك. تاشقى كۆرۈنۈشكە مەغرۇرلىنىدىغان بىخۇت كىشىدىن قوبۇل قىلىنمايدۇ.

ئۈچىنچى: ئادالەتكە نىسبەتلەش سەۋەپلىرىنى بىلىدىغان كىشى بولىشى لازىم. قوبۇل قىلىش ۋە رەت قىلىش سۈپەتلىرىنى بىلمەيدىغان كىشىدىن (بۇھەقتىكى سۆزى) قوبۇل قىلىنمايدۇ.

تۆتىنچى : (ئادالەتكە نىسپەتلەنگۇچى) رىۋايىتى قوبۇل قىلىنماسلىقنى تەقەززا قىلىدىغان يالغانچىلىق ، ياكى ئاشكارا پاسىقلىق قاتارلىقلارغا ئوخشاش بىرەر ئەيىپ بىلەن مەشھۇر بولمىغان كىشى بولىشى لازىم.

تەئارۇزىل جەرھى ۋە تتەئدىلى
تەنقىد ۋە ئادالەتكە نىسبەتلەشنىڭ قارمۇ-قارشى كىلىشى.
قامۇ-قارشى كىلىشنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ھالەتلىرى.

1-تەنقىد بىلەن ئادالەتكە نىسبەتلەشنىڭ قارمۇ-قارشى كىلىشى بولسا رىۋايەتچى ھەققىدە ئۇنىڭ رىۋايىتىنى رەت قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سۆپەتلەر بىلەن قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان سۆپەتلەر تەڭ ئوتتۇرغا قويۇلغان بولىشىدۇر. مەسىلەن : بەزى ئالىملار ئۇنى ئىشەنچلىك دىسە ، بەزى ئالىملار ئۇنى زەئىپ (ئاجىز) دىگەنگە ئوخشاش.

2-قارمۇ-قارشىلىق ھالەتلىرى تۆت تۈرلۈك بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى ھالەت : (تەنقىد ۋە ئادالەتكە نىسبەتلەشنىڭ)ھەر ئىككىلىسى ئېنىقسىز بولۇش، يەنى تەنقىدلەشنىڭ سەۋەبىمۇ ۋە ئادالەتكە نىسبەتلەشنىڭ سەۋەبىمۇ ئوچۇق بولمىغان بولۇشتۇر. ئەگەر ئېنىقسىز تەنقىدنى قوبۇل قىلمايمىز دىسەك، ئادالەتكە نىسبەتلەش قوبۇل قىلىنىدۇ.چۈنكى بۇھالدا ئەملى قارمۇ-قارشىلىق يوقتۇر. ئەگەر تەنقىد ئاساسى كۈچلۈك بولۇپ ئۇنى قوبۇل قىلىمىز دىسەك قارمۇ-قارشىلىق مەيدانغا كىلىدۇ، بۇھالدا تەنقىدلىگۈچىنىڭ ئادالەت ئەھۋالى ياكى ئۇنىڭ رىۋايەتچىنى تونۇش دەرىجىسى ۋە ياكى تەنقىدلەش ۋە ئادالەتكە نىشبەتلەش سەۋەبلىرى ۋە ياكى بۇ سەۋەپلەرنىڭ قايسىسىدا كۆپ ئىكەنلىكى قاتارلىقلارغا قاراپ قايسى تەرەپ كۈچلۈك بولسا شۇ قوبۇل قىلىنىدۇ.

ئىككىنچى ھالەت: (تەنقىد ۋەئادالەتكە نىسبەتلەشنىڭ)ھەرئىككىلىسى ئېنىق بولۇش، يەنى تەنقىدلەش سەۋەبىمۇ ۋە ئادالەتكە نىسبەتلەش سەۋەبىمۇ ئوچۇق كۆرسىتىلگەن بولۇشتۇر. بۇھالدا تەنقىد قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى (تەنقىدلىگۈچى)دە قوشۇمچە بىلىم بولغان بولىدۇ، لېكىن ئادالەتكە نىسبەتلىگۈچى تەنقىدلىنىش سەۋەبىنىڭ ھەققەتەن يوقالغانلىقىنى بىلمەن دىسە، مانا بۇچاغدا ئادالەتكە نىسبەتلەش قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى (بۇھالدا) بۇنداق دېگۈچىدە قوشۇمچە بىلىم بولغان بولىدۇ.

ئۈچىنچى ھالەت: ئادالەتكە نىسبەتلەش ئېنىقسىز بولۇش ۋە تەنقىد ئېنىق بولۇشتۇر، بۇھالدا تەنقىد قوبۇل قىلىنىدۇ. چۈنكى تەنقىدلىگۈچىدە قوشۇمچە بىلىم بولغان بولىدۇ.

تۆتىنچى ھالەت: تەنقىد ئېنىقسىز ۋە ئادالەتكە نىسبەتلەش ئېنىق بولۇشتۇر. بۇھالدا كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ئادالەتكە نىسبەتلەش قوبۇل قىلىنىدۇ.

بۇيەردە ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىككىنچى سىنىپ بىرىنچى يىللىقى ئۈچۈن مۇھەممەد سالىھ ئەلئۇسەيمىننىڭ قولىدا تۈزۈلگەن "ھەدىس ئىلمى قوللانمىلىرى" كىتابىنىڭ بىرىنچى قىسمى تۈگىدى. ئاللاھقا مىننەتدارلىقلار بولسۇنكى ئۇنىڭ نىمەتلىرى بىلەن ياخشىلىقلار ۋايىغا يىتىدۇ ۋە ۋاقىتلار بەختكە چۈمىدۇ. پەيغەمبىرىمىزگە ، ئائىلە — جەمەتىگە ، ساھابىلىرىگە شۇنداقلا قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن سەممى ماڭغانلارغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن!